بسم الله الرحمن الرحيم



﴿ فَاللَّهُ خَيْرٌ حَافِظًا وَهُوَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِيْنَ ﴾

﴿ ئاللاھ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر ﴾

(12 ـ سۈرە/ يۇسۇف 64 ـ ئايەت)

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى

## 2014-يىللىق 4-سان (ئومۇمىي 4-سان)


نەشر قىلغۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

مەسلىھەتچى: پەرھات سەلەي

باش مۇھەررىر: يالقۇن ئىسمائىل

مۇھەررىرلەر: مۇھتەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللاھ دامولا ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇقادىر

تەكلىپلىك مۇھەررىر: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

تەكلىپلىك كوررېكتور: ئارزۇگۈل كېرىم

تېخنىكا يېتەكچىسى: مۇھەممەدتوختى قۇربانىنىياز

بەت ياسىغۇچى: مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا دامولا

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:

مۆھتىرەم شېرىپ دامولا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر دامولا ھاجى، نۇرمۇھەممەد دامولا ھاجى، ئەھمەدجان ئىبراھىم دامولا ھاجى، ئابدۇكېرەم دامولا ھاجى، ئابدۇۋاھاپ دامولا ھاجى، ئابدۇرېھىم دامولا ھاجى، تۇرسۇنجان مەسۇم دامولا ھاجى، نەسىردىن دامولا ھاجى، ئابدۇرەئۇف دامولا ھاجى، تۇرسۇن راخمان دامولا ھاجى، مەسئۇد دامولا ھاجى، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا دامولا، ئابدۇللاھ ئابدۇراھمان دامولا، ئابدۇراھمان مۇھەممەد دامولا، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر دامولا، بەركىتۇللا دامولا، تۇرسۇن ئەينۇددىن دامولا، مۇھەممەدئىمىن خۇدابەردى دامولا، ئوسمان ساۋۇت دامولا، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش — ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى؛ ئىمام-خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە-ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. بۇ ماتېرىيالدىكى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012-يىلى 8-ئاي 1-نەشرىگە ئاساسەن ئېلىندى. ئىماملىرىمىزنىڭ ئاپرېل ئېيىدىكى جۈمە كۈنلىرى مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز-تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا ۋەز سۆزلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

2014-يىلى 1-ئاپرېل

# مۇندەرىجە

## ۋەز- تەبلىغلەر


ئىسلام دىنى پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ ................ 1

ئىسلامدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىدە.................. 17

ئىسلامدىكى نىكاھنىڭ پەزىلىتى ....................... 27

تالاق توغرىسىدا ......................... 38


## ئىسلام دىنى تەتقىقاتى


ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى ................... 48


## مەسجىدلىرىمىز


ئۈرۈمچى ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر) مەسجىدى ............ 62


## ئۆگىنىش گۈلزارى


ھەدىس شەرھىدىن ئۆرنەكلەر ..................... 76


## پايدىلىنىۋېلىڭ


قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دۇئالاردىن تاللانمىلار............ 88

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى ................ 92

# ئىسلام دىنى پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ   بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْـدُ لِلهِ الَّذِيْ زَكَّى نُفُوْسَ عِبَـادِهِ الْمُؤْمِنِيْنَ، فَحَبَّـبَ إِلَيْهِمُ الطُّهْرَوَالنَّقَاءَ، وَكَرَّهَ إِلَيْهِمُ النِّجَاسَـاتِ وَالْأَدْرَانَ، كَمَا كَرَّهَ إِلَيْهِمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُـوْقَ وَالْعِصْـيَانَ، وَأَشْهَدُ أَنْ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَاشَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَعَلٰى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ الطَّيِّبِيْنَ الطَّاهِرِيْنَ أَجْمَعِيْنَ، وَمَنْ تَبِعَهُمْ بِإِحْسَانٍ إِلَى يَوْمِ الدِّيْنِ وَسَلَّمَ تَسْلِيْماً كَثِيْراً. أَمَّا بَعْدُ:

اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ

ھۆرمەتلىك جامائەتلىرىمىز!

پاكلىق ھەققىدە سـۆز باشـلاشـتىن بۇرۇن بىز ئەۋۋەل پۈتكۈل كائىنات، مەخلۇقات ـ مەۋجۇداتلارنىڭ يېگانە ئىگىسى، ياراتقۇچىسى بولغان ئىگىمىز ئاللاھ تائالانىڭ پاكلىقى ھەققىدە توختىلىمىز.

ئاللاھ تائالانىڭ پاكلىقى بىۋاسىتە ئەقىدە ـ ئېتىقادقا، ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ۋە ئىسمى ـ سىفاتى قاتارلىق ھەممە جەھەتلەردىن پاكلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە كۆپ جايلاردا توختالغان بولۇپ، بىز بىر قانچە ئايەت ۋە ھەدىسـلەرنى دەلىل قىلىش ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىمىز.

قَوْلُهُ تَعَالَى:﴿قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ، اللهُ الصَّمَدُ، لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ، وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾

﴿ (ئى مۇھەممەد! سـەن مۇشـرىكلارغا) ئېيتقىنكى، (مەن ئىبادەت قىلىدىغان ھەم سـىلەرنى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشـقا چاقىرىۋاتقان) ئۇئاللاھ يەككە ـ يېگانىدۇر. ئاللاھ ھېچقـانداق مەخلۇققا مۇھتـاج ئەمەس، ھەممە مەخلۇقـات ئـاللاھقـا مۇھتـاجـدۇر.

(مەخلۇقاتلارغا خاس سۈپەتلەردىن پاك) ئاللاھ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾ (112 ـ سۈرە/ئىخلاس)

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ وَالأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ وَإِنْ مِّنْ شَيْءٍ إِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدَهِ ﴾

﴿يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچنەرسە يوقتۇر﴾ (17 ـ سۈرە/ئىسرا 44 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ إِنَّ اللهَ طَيِّبٌ لَا يَقْبَلُ إِلَّا طَيِّبًا (رواه مسلم) ]

«ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پاك، پاك نەرسىنى قوبۇل قىلىدۇ».

[ إِنَّ ا اللهَ نَظِيفٌ يُحِبُّ النَّظَافَةَ. (رواه الترمذي) ]

«ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ».

بىزنىڭ ئەقىدىمىز: ئاللاھنىڭ بارلىق ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى،پەيدا قىلغۇچى ۋە باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىبادەتكە لايىق يالغۇز ئىلاھ ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ بارلىق گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ۋە ھېچقانداق شېرىكى يوق يەككە ـ يېگانە زات ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىش ۋە شۇ بويىچە پاك دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر.

ئىككىنچىدىن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكلىقى ھەققىدە سۆزلەيمىز.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پاك، ئېسىل نەسەبتىن دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان. بىر قانچە يىلدىن كېيىن ۋەھيى پەرىشتىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىش ئارقىلىق رەسۇلىمىزنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا كۆكرىكىنى يېرىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق روھىي جەھەتتىن پاكلىغان. ۋەھيى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنى تەربىيەلەپ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن پاكلاش ئۈچۈن ﴿وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ﴾ ﴿كىيىمىڭنى پاك تۇت﴾ (74 ـ سۈرە/مۇددەسسىر 4 ـ ئايەت) دېگەنگە ئوخشاش ئايەتلەرنى نازىل قىلغان. مۇشۇنداق جاپالىق

تاۋلىنىش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز روھى ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن پاك بولۇپ، مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتكەن.

ئەسكەرتىش: رەسۇلىمىز ھەققىدە ئىلگىرىكى جۈمەلەردە سۆزلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن كۆپ توختالمايمىز.

ئۈچىنچىدىن، ئىسلام دىنىمىزنىڭ پاكلىقىغا كەلسەك؛

ھەممىمىزگە مەلۇم ئىسلام دىنىمىز پاك،مۇقەددەس، پاكلىقنى سۆيىدىغان ھەمدە پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. ئىسلام دىنى شېرىك ئېتىقادتىن، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسىلەرنى يېيىشتىن، پاھىشە ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ. ھەممە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاك بولغان يەككە ـ يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتنى ئادا قىلىشقا ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئىسلام دىنىمىزنىڭ قارىشىچە، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن پاكىز بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پاكلىق ئېڭىنى تۇرغۇزغان كىشى ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿وَاللّٰهُ يُحِبُّ الْمُطَّهِّرِيْنَ﴾

﴿ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾ **(9 ـ سۈرە/تەۋبە 108 ـ ئايەت)**.

ھەر بىر ئېغىز سۆزى نۇرغۇن ئاجايىپ ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئەڭ ئالىي يول باشچىمىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پاكلىقنىڭ ئىسلام دىنىدىكى يۈكسەك ئورنىنى بايان قىلىپ،ئىبارىسى قىسقا، لېكىن چوڭقۇر مەنىلىك مۇبارەك ھەدىسىدە:

[ اَلطُّهُوْرُ شَطْرُ الْإِيْمَانِ ]

«پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

دېيىش ئارقىلىق، پاكىزلىقنى ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان پاكلىق، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ھەر قانداق پاكلىق بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى ھەمىشە ۋە ھەر جايدا قەلبىنى يامان خىيال ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن، گۇناھلاردىن پاك تۇتۇشى، ئەزالىرىنى بولسا

شەرىئەت كۆرسەتمىسى ئارقىلىق يۇيۇپ، پاكلاپ تۇرۇشى ئارقىلىقلا ئىمانىنىڭ بۇ پارچىسىنى تولۇقلىيالايدۇ. نەتىجىدە ئىمانى كامىل بولغان بولىدۇ. شۇڭا بىز پاكىزلىقنى ئۆزىمىزنىڭ چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ تونۇپ، ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

[ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِاللهِ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: « مِفْتَاحُ الْجَنَّةِ الصَّلَاةُ وَمِفْتَاحُ الصَّلَاةِ الطُّهُوْرُ». (رواه أحمد) ]

**«جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ناماز، نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر».**

بۇ يەردىكى «تاھارەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «پاكلىق» دېگەن مەنىدە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ناماز بىلەن جەننەتنى، پاكلىق بىلەن نامازنى بىر-بىرىگە باغلاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلىغان، ۋەدە قىلغان، كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان نازۇ-نېئمەتلەر بىلەن توشقۇزۇلغان، مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەت ئورنى جەننەتكە ئېرىششىنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ناماز ئوقۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، شۇ نامازنىڭ جەننەتكە ئېرىشتۈرەلەيدىغان دەرىجىدە قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن پاكلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلغان.

مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن پاكلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىپ، پاكلىقنىڭ ئىسلام دىنىمىزدىكى تۇتقان ئورنىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

بىز «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىدىن ئىسلام دىنىمىز بىزدىن روھىي جەھەتتىن پاكلىنىشنى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن پاكىزلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

تەلەپ مۇشۇنداق بولغانىكەن، بىز پاكلىقنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلىمىز: بىرى، روھىي پاكلىق، يەنە بىرى جىسمانىي پاكلىق.

روھى پاكلىق دېگىنىمىز، ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ئۆز قەلبىنى ئاللاھقا

شېرىك كەلتۈرىدىغان ئەقىدىدىن، خاتا كۆزقاراشتىن، نىفاقتىن، تەكەببۇرلۇقتىن، رىيادىن، ھەسەتخورلۇقتىن، سۇخەنچىلىكتىن، تۆھمەتتىن، غەيۋەتتىن، يامان غەرەزدىن ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن ئىبارەت بارلىق يامان، مەنىۋى نىجاسەتلەردىن پاكلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا﴾

﴿ قەلبىنى پاكلىغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، قەلبىنى گۇناھ ـ مەئسىيەتكە كۆمگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ ﴾ (91 ـ سۈرە/شەمس 9~10 ـ ئايەتلەر).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئايەتكە ماس ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

[عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُوْلُ: «اَللّٰهُمَّ إِنِّيْ أَعُوْذُ بِكَ مِنَ العَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْبُخْلِ والْهَرَمِ، عَذَابِ القَبْرِ، اَللّٰهُمَّ آتِ نَفْسِي تَقْوَاهَا، وَزَكِّهَا أَنْتَ خَيْرُ مَنْ زَكَّاهَا، أَنْتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلاَهَا، اَللّٰهُمَّ إِنِّيْ أَعُوْذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لا يَنْفَعُ، وَمِنْ قَلْبٍ لا يَخْشَعُ، وَمِنْ نَفْسٍ لا تَشْبَعُ، وَمِنْ دَعْوَةٍ لاَ يُسْتَجَابُ لَهَا». (رواه مسلم) ]

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! مەن ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، قېرىلىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! نەپسىمگە تەقۋالىقنى بەرگىن. ئۇنى پاكلىغىن! سەن ئۇنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىسەن! سەن ئۇنىڭ ئىگىسىدۇرسەن. ئى ئاللاھ! مەن ساڭا سېغىنىپ سەندىن قورقمايدىغان قەلبتىن، تويماس نەپسىدىن، پايدىسىز ئىلىمدىن ۋە ئىجابەت قىلىنمايدىغان دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى.

بىز جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىچكى دۇنياسىغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقانلىقىنى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ماددىي جەھەتتىن پاكىز بولغان بولسىمۇ، ئىچكى دۇنياسى مەينەت، قەلبى پاك بولمىغانلىقى ئۈچۈن،ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ،ئاللاھنىڭ ئالدىغا رەسۋالىق ھالىتىدە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.ئاللاھ ساقلىسۇن!

# روھي پاكلىقتا بۇيرۇلۇشنىڭ ھېكمەتلىرى

ئىنسانىنىڭ تاشقى ئەزالىرىنىڭ پاك بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ قەلبى بىلەن نەپسىدىن ئىبارەت ئىچكى دۇنياسىنىڭمۇ تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق ۋە باشقا سەلبىي ئەخلاقلاردىن پاك بولغان ھالدا ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ ئىمانىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئايەت-ھەدىسلەر بىزگە ئۇچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فِيْ قُلُوْبِهِمْ مَّرَضٌ فَزَادَهُمُ اللّٰهُ مَرَضاً وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيْمٌ بِمَا كَانُوْا يَكْذِبُوْنَ ﴾

﴿ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت) كېسەللىك بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ كېسەللىكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى؛ ئۇلار (ئىمان ئېيتتۇق دەپ) يالغان سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ ﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 10 ـ ئايەت).

زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿ فِيْ قُلُوْبِهِمْ مَّرَضٌ فَزَادَهُمُ اللّٰهُ مَرَضاً ﴾

﴿ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت) كېسەللىك بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ كېسەللىكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى ﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە: «ئۇ بەدەندىكى كېسەللىك بولماستىن بەلكى دىندىكى شەرىئەتلەرنىڭ بەزىلىرىگە شەك كەلتۈرۈشكە ئۇخشىغان دىنىي كېسەللىكتۇر» دېدى. (دىنى كېسەللىك دېگىنىمىز: دىنىي تەلىماتلارنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىگە ئىشەنمەي، بەزى يەرلىرى ئىدىيەمدىن ئۆتمەي قالدى، دەپ دىنغا شەك قىلىدىغان روھىي كېسەللىكتۇر).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ أَلَاإِنَّ فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً إِذَا صَلَحَتْ صَلَحَ الْجَسَدُ كُلُّهُ وَإِذَا فَسَدَتْ فَسَدَ الْجَسَدُ كُلُّهُ أَلَاوَهِيَ الْقَلْبُ (متفق عليه) ]

«ئاگاھ بولۇڭلار! ئىنسانىنىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بولىدۇ، بۇ گۆش تۈزەلسە، پۈتكۈل بەدەن تۈزۈلىدۇ؛ ئۇ بۇزۇلسا، پۈتكۈل بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر (يۈرەكتۇر)» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

ھەرقانداق بىر كىشى قەلب پاكلىقىدىن ئىبارەت بۇ روھىي بايلىقتا

ئېرىشسە، بۇ ئۇنىڭ تاشقى جەھەتتىن پاكىز بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئىنسان ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن پاك بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿يَوْمَ لاَيَنْفَعُ مَالٌ وَلاَ بَنُوْنَ اِلاَّ مَنْ أَتَى اللّٰهَ بِقَلْبٍ سَلِيْمٍ﴾

﴿ئۇ كۈندە مال ـ مۈلۈك ۋە بالىچاقىلار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا بار﴾ **(26 ـ سۈرە/شۇئەرا 88~89 ـ ئايەتلەر)**.

ئىبنى سىرىن بۇ ھەقتە: «پاك قەلب بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، قىيامەتنىڭ شەكسىز مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قەبرىدىكى كىشىلەرنى شەكسىز قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان قەلبتۇر» دېدى.

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب: «پاك قەلب مەنىۋى كېسەللىكتىن خالىي قەلبتۇر، ئۇ بولسىمۇ مۇئمىننىڭ قەلبىدۇر» دېدى.

ئەبۇ ئوسمان نىسابۇرى: «پاك قەلب بولسا، دىنغا دىن نامىدىن يېڭىلىق كىرگۈزۈشتىن خالىي ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن يولىغا رازى بولۇپ تۇرىدىغان قەلبتۇر» دېدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿وَاَقِمِ الصَّلاَةَ اِنَّ الصَّلاَةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغىن، مۇكەممەل ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾ **(29 ـ سۈرە/ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)**.

ناماز بولسا قەبىھ ئىشلارنى ۋە گۇناھلارنى تاشلىتىشتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى داۋاملىق ئوقۇش شۇ يامان ئىشلارنى تاشلاشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: « إِنَّ فُلانًا يُصَلِّي

بِاللَّيْلِ فَإِذَا أَصْبَحَ سَرَقَ» قَالَ: « سَيَنْهَاهُ مَايَقُولُ» (رواه أحمد) ]

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «پالانى ھەقىقەتەن كېچىدە ناماز ئوقۇيدۇ، تاڭ ئاتسا ئوغرىلىق قىلىدۇ» دېگەندە،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناماز پات يېقىندا سەن دەۋاتقان ئىشتىن چوقۇم توسىدۇ» دېدى.

ئىبنى ئەۋن ئەنسارى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سەن نامازدا تۇرغان چاغدا ياخشىلىقنىڭ ئىچىدە تۇرغان بولىسەن، ناماز ھەقىقەتەن سېنى قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توستى. سېنىڭ نامازدا تۇرۇپ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشىڭ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر».

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: « اَلصَّلَوَاتُ الْخَمْسُ وَالْجُمُعَةُ إِلَى الْجُمُعَةِ كَفَّارَاتٌ لِمَا بَيْنَهُنَّ » (رواه مسلم) ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بەش ۋاخ ناماز، جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ» (مۇسلىم).

ناماز ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنى پاكىزلىققا ئادەتلەندۈرىدىغان كاتتا ئىبادەتتۇر.

زاكات ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيْهِمْ بِهَا﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾ (9 ـ سۈرە/تەۋبە 103 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتىن بىز سەدىقە ۋە زاكات ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئۆزىنى ماددىي ۋە مەنىۋى (يەنى ئىچكى ۋە تاشقى) نىجاسەتلەردىن پاكلىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

رامىزان توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : «مَنْ صَامَ رَمَضَانَ إِيْمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَلَهُ مَاتَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ» (متفق عليه) ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئەجىر ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتقان بولسا ئىلگىرىكى ئۆتكۈزگەن گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

مانا بۇ ھەدىستىن بىز رامىزان روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئىبارەت مەنىۋى پاسكىنچىلىقلاردىن پاكلايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ھەج توغرىلىق ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿اَلْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُوْمَاتٌ فَمَنْ فَرَضَ فِيْهِنَّ الْحَجَّ فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوْقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَجِّ﴾

﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 197 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ﴿ جىنسىي ئالاقە قىلىش،گۇناھ قىلىش ۋە جاڭجال قىلىش مەنئىقىلىنىدۇ ﴾ دېگەن مەزمۇن ھەققىدە تاۋۇس، مۇقسىم ۋە ئىبنى ۋەھبى قاتارلىقلار ئۆلىمالار: «ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق بولۇپ ئۆزىنى پاكلاشنى كۆرسىتىدۇ» دەپ تەبىر بەرگەن.

ھەج توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ: «مَنْ حَجَّ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ رَجَعَ كَيَوْمٍ وَلَدَتْهُ أُمُّهُ» (رواه ابن ماجة) ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھلارنى قىلماي ھەج قىلسا، ئانىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىتىكىدەك گۇناھتىن پاك بولۇپ قايتىدۇ» (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

مانا بۇ ھەدىستىنمۇ بىز ھەجنىڭ ھەج قىلغۇچى كىشىنى ئانىدىن يېڭى تۇغۇلغان پاك ـ غۇبارسىز بوۋاقتەك پاكلايدىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز.

يىغىنچاقلاپ ئېيتساق، جىسمانىي پاكلىق بولسۇن ۋە ياكى روھىي پاكلىق بولسۇن ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدىغان ئاساسلىق ئىبادەتلەر بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

مەسىلەن: شاھادەت ئېيتىش بولسا ــ ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شاھادەت ئېيتقان ھەر بىر

شەخس روھىي جەھەتتىن پاكلىقتا ئىگە بولىدۇ.
تاھارەت ۋە غۇسلى بولسا — بەدەننى پاكىزلاش بولۇپ، بۇ جىسمانىي جەھەتتىن پاكىزلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ناماز بولسا — روھنىڭ ۋە گۇناھلارنىڭ پاكلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
زاكات بولسا — قەلبنى ۋە مال ـ دۇنيانى پاكلايدۇ.
روزا بولسا — روھنى ۋە بەدەننى پاكلاش ھەمدە تاۋلاش جەريانىدۇر.
ھەج بولسا — تاھارەت،ناماز ۋە ئىقتىساد قاتارلىق ئىبادەتلەر بىرلەشكەن روھنى پاكلاش جەريانىدۇر.
مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئىسلام دىنىمىزنىڭ مەيلى ئىمان ـ ئېتىقاد جەھەتتىكى بەلگىلىمىلىرى بولسۇن، مەيلى ئىبادەت جەھەتتىكى ئەھكاملىرى بولسۇن، ۋە ياكى مۇئامىلە جەھەتتىكى ئەھكاملىرى بولسۇن، ياكى ئەدەپ ـ ئەخلاق جەھەتتىكى بەلگىلىمىلىرى بولسۇن ھەممىسى ئىنساننى پاكلاش، ھەتتا ئىسلام دىنىمىزدىكى جازا تۈزۈملىرىمۇ ئىنساننى پاكلاشنى مەقسەت قىلغان. بۇ ھەم ئىنساننىڭ پاكلىنىشىنىڭ ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئىنسان مۇشۇ ۋاستە ئارقىلىق ئەڭ پاك جاي جەننەتكە كىرەلەيدۇ، چۈنكى جەننەت شەيتان ۋە ئۇنىڭ مەينەتچىلىكىدىن پۈتۈنلەي خالى بولغان جايدۇر، بۇ جاي زاتى ـ سۈپىتى پاك بولغان ئاللاھ ئىمان ـ ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنى پاكلىغان بەندىلىرىگە مۇكاپات قىلىپ بېرىدىغان جايدۇر.
«مۇستەدرەك» دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنغان:
« مِنْ أَخْلَاقِ الْأَنْبِيآءِ اَلتَّنَظُّفُ »
«پاكىزلىق بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر».
پاكلىنىشلىقتا ئەھمىيەت بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر.
بۇ توغرىلىق ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ:
﴿إِذْ نَادَاهُ رَبُّهُ بِالْوَادِ الْمُقَدَّسِ طُوًى اِذْهَبْ إِلَى فِرْعَوْنَ إِنَّهُ طَغَىفَقُلْ هَلْ لَّكَ إِلَى أَنْ تَزَكَّى وَأَهْدِيَكَ إِلَى رَبِّكَ فَتَخْشَى﴾
﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تۇۋا ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا مۇنداق دەپ نىدا قىلغان ئىدى: سەن پىرئەۋىننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى.

ئۇنىڭغا: «سەن كۇفرىدىن پاك بولۇشنى خالامسەن؟ سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ شۇنداق قىلساڭ، (پەرۋەردىگارىڭدىن) قورقىدىغان بولىسەن» دېگىن﴾ (79 ـ سۈرە/نازىئات 16~19 ـ ئايەتلەر).

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلَمَّا أَتَاهَا نُودِيَ يَا مُوسَى إِنِّيْ أَنَا رَبُّكَ فَاخْلَعْ نَعْلَيْكَ إِنَّكَ بِالْوَادِ الْمُقَدَّسِ طُوًى﴾

﴿مۇسا ئۇتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ندا قىلىندى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس تۇۋا ۋادىسىدا[1] سەن»﴾ (20 ـ سۈرە/تاھا 11~12 ـ ئايەت).

ئاللاھ تائالانىڭ «كەشىڭنى سالغىن» دېگەن سۆزى ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئەبۇ زەر، ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ۋە ئۇلاردىن باشقا سەلەف ئالىملىرى: «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ئېشەكنىڭ پاكلانمىغان تېرىسىدىن تىكىلگەن ئىدى» دەپ بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا تۇرۇۋاتقان ئورۇننى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئايىغىنى سېلىشقا بۇيرۇدى.

مانا بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى جىسمانىي جەھەتتىن پاكلاپ بولۇپ كۆرۈشكەن ھەمدە پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقىنى ئېيتقان. (توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر).

ئەمدى بىز جىسمانىي پاكلىق ھەققىدە توختىلىمىز.

جىسمانىي پاكلىق دېگىنىمىز، بىر تەرەپتىن غۇسلى ـ تاھارەت ۋە تەيەممۇم (يەنى تۇپراق ئارقىلىق تاھارەت ئېلىش) ئارقىلىق بەدەننىڭ پاك بولۇشىنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كىيىم ـ كېچەكنى، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە ئاممىۋى سورۇنلارنى تۈرلۈك نىجاسەت ۋە مەينەتچىلىكلەردىن تازىلاپ، ئەتراپتىكى مۇھىتنى پاكىز تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ.

مەلۇمكى، ئەگەر ئىنساننىڭ بەدىنى ياكى كىيىمى پاسكىنا، كىر بولسا، باشقىلار ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ. ئادەتتە، بىرەر ئىجتىمائىي مۇراسىملارغا قاتناشماقچى بولغان ئادەم، باشقىلارنىڭ نەپرىتىدىن خالى بولۇش، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يېقىملىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ پاكىز ۋە ئەڭ يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ بارىدۇ. بەدىنىدىكى كىرلارنى ۋە غەيرى پۇراقلارنى پاك

---

[1] تۇر تېغى باغرىدىكى ۋادى «تۇۋا ۋادىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

پاكىزە تازىلايدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزئارا بولىدىغان مۇناسىۋەتلەرگە شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىلگەن يەردە، كائىناتنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغان قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا تەلمۈرمەكچى بولغان كىشىنىڭ تەييارلىقى قانداق بولۇشى كېرەك؟

شۇڭا ئاللاھ بەندىسىنىڭ ناماز ئادا قىلىۋاتقان ۋاقتىدا، مەينەتچىلىك ۋە غەيرى پۇراقلاردىن تازىلانغان ھالدا پاك ـ پاكىزە تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈشى ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە ھەمدە رازىلىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن پاكلىقنى پەرز قىلدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُواْ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلاةِ فاغْسِلُواْ وُجُوْهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُواْ بِرُؤُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ وَإِنْ كُنْتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُواْ وَإِنْ كُنْتُم مَّرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَآءَ أَحَدٌ مَّنْكُمْ مِّنَ الْغَائِطِ أَوْ لاَمَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُواْ مَاءً فَتَيَمَّمُواْ صَعِيْدًا طَيِّبًا فَامْسَحُواْ بِوُجُوْهِكُمْ وَأَيْدِيْكُمْ مِّنْهُ﴾

﴿ ئى مۇئمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينەكلىرىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار؛ ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار غۇسلى قىلىپ پاكلىنىڭلار؛ ئەگەر (سۇ زىيان قىلىدىغان) كېسەل بولساڭلار ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، ياكى سىلەردىن بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن بولۇپ، ياكى خوتۇنۇڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان بولۇپ سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا ئۇرۇلغان قولۇڭلار بىلەن يۈزۈڭلارنى، قولۇڭلارنى سىلاپ تەيەممۇم قىلىڭلار﴾ (5 ـ سۈرە/مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئىبادەتلەرگە بۇيرۇشىدا ۋە شۇ ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشتا ئۇ پاكلىنىشقا بۇيرۇشتا ئۇلارنى مۇشەققەتكە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا نېئمىتىنى تاماملاپ بېرىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ، يۇقىرىقى ئايەتنىڭ داۋامىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ما يُرِيْدُ اللهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلَكِنْ يُّرِيْدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرنى مۇشەققەتتە قالدۇرۇشنى خالىمايدۇ. لېكىن، ئاللاھ شۈكۈر

قىلىشقىلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى ۋە نېئمىتىنى سىلەرگە تولۇق بېرىشنى خالايدۇ﴾ (5 ـ سۈرە/مائىدە 6 ـ ئايەت).

[عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا تَوَضَّأَ الْعَبْدُ الْمُسْلِمُ، أَوِالْمُؤْمِنُ فَغَسَلَ وَجْهَهُ خَرَجَ مِنْ وَجْهِهِ كُلُّ خَطِيئَةٍ نَظَرَ إِلَيْهَا بِعَيْنَيْهِ مَعَ الْمَاءِ أَوْمَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ، فَإِذَا غَسَلَ يَدَيْهِ خَرَجَ مِنْ يَدَيْهِ كُلُّ خَطِيئَةٍ بَطَشَتْهَا يَدَاهُ مَعَ الْمَاءِ أَوْمَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ ، فَإِذَا غَسَلَ رِجْلَيْهِ خَرَجَ كُلُّ خَطِيئَةٍ مَشَتْهَا رِجْلاهُ مَعَ الْمَاءِ أَوْ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ حَتَّى يَخْرُجَ نَقِيًّا مِنَ الذُّنُوبِ» (رواه مسلم) ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان ياكى مۇئمىن ئادەم تاھارەت ئېلىپ يۈزىنى يۇسا، ئۇنىڭ يۈزىدىن كۆزلىرى بىلەن قارىغان خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىلىرى بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ؛ ئەگەر قوللىرىنى يۇسا، قوللىرىدىن قوللىرى بىلەن قىلغان خاتالىقلىرىنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ؛ ئەگەر ئىككى پۇتىنى يۇسا، پۇتلىرى بىلەن قىلغان خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ پۇتلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى پاك ـ پاكىز يۇيۇلۇپ كېتىدۇ» دېگەن. (مۇسلىم)

پاساھەتلىك تىل بىلەن تەپسىلىي، ئوچۇق بايان قىلىنغان يۇقىرىقى ھەدىستىن، تاھارەتتىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنىڭ پاكلىق بىلەن پاكىزلىقنىڭ، روھ بىلەن بەدەن ئىبادىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىشىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

[ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ:قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: « خَمْسٌ مِنَ الْفِطْرَةِ : اَلْاِسْتِحْدَادُ ، وَالْخِتَانُ ، وَقَصُّ الشَّارِبِ ، وَنَتْفُ الْإِبْطِ ، وَتَقْلِيْمُ الأَظْفَارِ » ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سۈننەت ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بەش تۈرلۈك ئىش بولۇپ، ئۇلار: ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى ئېلىش؛ خەتنە قىلىش؛ بۇرۇتنى قىرقىش؛ قولتۇق تۈكىنى ئېلىش؛ تىرناق ئېلىش قاتارلىقلار» (بۇخارى).

[ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: « اِتَّقُوْا اللَّعَّانَيْنِ » قَالُوْا: « وَمَا اللَّعَّانَانِ يَا رَسُوْلَ اللهِ ؟ قَالَ: « اَلَّذِيْ يَتَخَلَّى فِيْ طَرِيْقِ النَّاسِ أَوْ فِيْ ظِلِّهِمْ » ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغان ئىككى قىلىقتىن، يەنى كىشىلەر ماڭىدىغان يولغا ۋە ئۇلار سايىدايدىغان ئورۇنغا تەرەت قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار» دەيدۇ. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

[ عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقَّاصٍ رَضِيَاللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : « إِنَّ اللهَ طَيِّبٌ يُحِبُّ الطَّيِّبَ نَظِيْفٌ يُحِبُّ النَّظَافَةَ كَرِيْمٌ يُحِبُّ الْكَرَمَ جَوَادٌ يُحِبُّ الْجُوْدَ فَنَظِّفُوْا أَفْنِيَتَكُمْ وَلاَ تَشَبَّهُوْا بِالْيَهُوْدِ » (رواه الترمذي) ]

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ پاكتۇر، پاكلىقنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئاللاھ پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ؛ ئاللاھ مەرد ـ سېخىدۇر، سېخىلىقنى ياقتۇرىدۇ؛ ھويلا ـ ئارامىڭلارنى پاكىزە تۇتۇڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قالماڭلار» (تىرمىزى).

مۇسۇلمانلار پاكىزلىق ھەققىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ ھەر كۈنى، ھەر نامازدا، ھەر ھەپتىدە ۋە بەدىنىمىزدىكى نۇقتىلىق كۆرسىتىلگەن جايلارنىڭ تازىلىقىنى ياخشى قىلىپ پۈتۈن بەدىنىمىزدىكى بولۇپمۇ چاڭ ـ توزان ۋە مىكروبلار بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئەزالىرىمىزدىن كىر ۋە مەينەتچىلىكلەرنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا پاكىزلاپ تۇرۇشى، ھويلا ـ ئارام، مەسجىد قاتارلىق ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ تازىلىقى، شەخسى، ئاممىۋى ۋە مۇھىت تازىلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ پاكىزە مۇھىت، ساغلام تەن ۋە ساپ ئەقىلگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

## جىسمانىي پاكلىققا بۇيرۇلۇشنىڭ ھېكمەتلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى تازىلىققا ۋە پاكىزلىققا بۇيرۇشىدا، ئىنساننىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ئىنتايىن پايدىلىق بولغان نۇرغۇنلىغان ئالىي مەقسەتلەر غايە قىلىنغان.

قىسقىسى، بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇپ ئۇنىڭدىكى كىرلارنى يوقىتىشتا ـ

تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك ـ بەدەننىڭ ئىتلىپ قالغان تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ ئىنسانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن مىكروبلار ۋە زىيانلىق ماددىلارنىڭ چىقىپ كېتىشىگە، هاۋا ئالمىشىشىنىڭ ئاسانلىقىغا، بەدەننىڭ راھەتلىنىشىگە ئالاھىدە پايدىلىق رولى بار.

سۇ بىلەن پاكلىنىش بەدەندىكى غەيرى پۇراقلارنى يوقىتىدۇ، ئىبادەت ۋە دۇنيالىق ئىشلار ئۈچۈن ئىنساننىڭ ھىممىتىنى، جوشقۇنلىقىنى يېڭىلاپ، تېتىك قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پاكلىققا بۇيرۇپ، ئۇلارغا تازىلىقنى، پاكىزلىقنى پەرز قىلدى ۋە ئىبادەتلەر ئۈچۈن پاكلىقنى شەرت قىلدى. چۈنكى ئىبادەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدا ئادا قىلىدىغان بەندىچىلىك بۇرچى ھەم كەمتەرلىكنىڭ ۋە ئىتائەتمەنلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

بۇنداق بولغان ئىكەن، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئىبادەت بىلەن مۇراجىئەت قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ئىبادەتنى ئەڭ كامىل دەرىجىدە ئادا قىلىپ، بەندىچىلىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەڭ پاكىز ھالەتكە كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

دېمەك، غۇسلى قىلىش، تاھارەت ئېلىش بەدەندىكى كۆرۈشكە بولىدىغان پاسكىنىچىلىقلارنى تازىلاپلا قالماي، بەلكى يەنە مەنىۋى بۇلغىنىشنى توسۇپ، كىشىلەرنى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى يۇقىرى دەرىجىدىكى پاكىز مۇھىتقا ئىگە قىلىدۇ.

ئەمدى بىز ۋەھىي پەرىشتىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھسان قاتارلىقلارنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ۋاقتىدىكى كۆرۈنىشىگە قاراپ باقايلى:

[عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ، قَالَ: بَيْنَا نَحْنُ عِنْدَ رَسُوْلِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَاتَ يَوْمٍ، إِذْ طَلَعَ عَلَيْنَا رَجُلٌ شَدِيْدُ بَيَاضِ الثِّيَابِ، شَدِيْدُ سَوَادِ الشَّعَرِ، لاَيُرَى عَلَيْهِ أَثَرُ السّفَرِ ... إِلَى آخِرِ الْحَدِيْثِ. (رواه مسلم) ]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق ،ئۇشتۇمتۇت بىز تەرەپكە كىيىملىرى ئاپئاق ، چېچى قاپقارا ، سەپەردىن كەلمىگەندەكلا تۇيغۇ بېرىدىغان بىر ئادەم كەلدى . . .» دېگەن ھەدىستە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ۋەھىيى ئارقىلىق دىنىي تەلىم ـ

تەربىيە ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلگەن ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ قىياپىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغانلىقى بىزلەرنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە!

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كىمكى ئىچى ـ تېشى پاك بولۇشنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىدىكەن، بۇ دۇنيادا كىشىلەر ئالدىدا پاك ـ ديانەتلىك ياخشى ئادەم دېگەن نامغا ئېرىشىپلا قالماي، ساغلاملىقتىن ئىبارەت قىممەتلىك بايلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئاخىرەتتە بولسا ئاللاھ تائالا ئالدىدا يۈزى يورۇق بولۇپ، نېئمەتنى تونۇپ شۈكرى قىلغانلار قاتارىدا مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدۇ.

شۇڭا كەڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز سەگەك بولۇپ، شېرىك ئەقىدە، ھەسەتخورلۇق، رىياخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە چېقىمچىلىقتىن ئىبارەت ناچار ئىللەتلەردىن ھەم شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تازىلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكتەك ناچار ئىللەتلەردىن خالى بولۇپ، پاك قەلب ۋە پاكىزە مۇھىت ئىچىدە ياشاپ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم.

﴿رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الأبْرَارِ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزىروھ قىلغىن﴾ **(3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 193 ـ ئايەت).**

﴿ رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّاتِ عَدْنٍ الَّتِي وَعَدتَّهُم وَمَن صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ إِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ وَقِهِمُ السَّيِّئَاتِ وَمَن تَقِ السَّيِّئَاتِ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمْتَهُ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ﴾

﴿ ئى رەببىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، خوتۇنلىرى، ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن ھەممىدىن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. ئى رەببىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلىرىنىڭ جازاسىدىن ساقلىغىن، بۇ كۈندە سەن كىمنى يامان ئىشلىرىنىڭ جازاسىدىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر ﴾ **(40 ـ سۈرە/غافىر 8~9 ـ ئايەت).**

# ئىسلامدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىدە

أَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ، نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَّهْدِهِ اللهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِىَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَن لاَّ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَ أَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ. أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

مۆھتەرەم ئەزىز قېرىنداشلار!

ھەممىمىزگە مەلۇم ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ھىدايەت نۇرىغا يېتەكلەيدىغان، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك ۋە ئادىللىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە ئۈندەيدىغان ئۇلۇغ دىن.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَىٰ وَالْيَتَامَىٰ وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَىٰ وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالْجَنْبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ مُخْتَالًا فَخُورًا﴾

﴿ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار؛ ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار؛ ئاتا ـ ئاناڭلارغا، يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداش، ساۋاقداش قاتارلىقلارغا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھاكاۋۇر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ﴾ (4 ـ سۈرە/نىسا 36 ـ ئايەت).

قوشنا دېگەن بۇ سۆز تار مەنىدە، ھەم كەڭ مەنىدە كېلىدۇ.

تار مەنىسى: بىر مەھەللىدىكى قولۇم ـ قوشنىلارنى كۆرسىتىدۇ.

كەڭ مەنىسى: يېزا بىلەن يېزىنىڭ قوشنىدارچىلىقى، شەھەر بىلەن شەھەرنىڭ قوشنىدارچىلىقى، دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ قوشنىدارچىلىقى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ وَاللهِ لَا يُؤْمِنُ وَاللهِ لَا يُؤْمِنُ وَاللهِ لَا يُؤْمِنُ قِيْلَ: يَا رَسُوْلَ اللهِ لَقَدْ خَابَ وَخَسِرَ مَنْ هَذَا قَالَ: مَنْ لَا يَأْمَنُ جَارُهُ بَوَائِقَهُ (متفق عليه) ]

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كامىل مۇئمىن بولالمايدۇ» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ساھابىلەر سورىدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! كامىل مۇئمىن بولالماي ھالاك بولغان، زىيان تارتقان كىم ئۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قوشنىسىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلىمىغان ئادەم» دەپ جاۋاب بەردى.

روشەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشىنى ئىماننىڭ كامىل بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن باغلىدى. شۇڭا قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ھەم مۇھىم ئەخلاقى ـ پەزىلىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، يەھۇدىي قوشنىلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ئارىلىشاتتى، ئۇلاردىن قەرز ئالاتتى، ئۇلارغا ھەدىيەلەرنى بېرەتتى، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىنى، گۈزەل ئەخلاقى ـ پەزىلەتلىرىنى كۆرۈپ، تەسىرلىنىپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانىدى.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بىر يەھۇدىي قوشنىسى بار ئىدى، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاچانىكى قوي سويسا:

[ اِحْمِلُوا إِلَى جَارِنَا مِنْهَا ]

«يەھۇدىي قوشنىمىزغا بۇ قوينىڭ گۆشىدىن ئەكىرىپ بېرىڭلار» دەيتتى.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ يَا أَبَا ذَرٍّ إِذَا طَبَخْتَ مَرَقَةً فَأَكْثِرْ مَاءَهَا وَتَعَاهَدْ جِيرَانَكَ ]

«ئى ئەبۇ زەر! ئەگەر سەن شورپا قايناتساڭ، ئۇنىڭ سۈيىنى كۆپرەك قىل ۋە قوشنىلىرىڭغا يەتكۈزگىن!» (مۇسلىم).

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ مَا آمَنَ بِي مَنْ بَاتَ شَبْعَانَ وَجَارُهُ جَائِعٌ إِلَى جَنْبِهِ وَهُوَ يَعْلَمُ ]

«يېنىدىكى قوشنىسىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى قورسىقى توق ھالدا كېچە ئۆتكۈزگەن ئادەم كامىل مۇئمىن بولغان بولمايدۇ» (تىبرانى).

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ خَيْرُ الْأَصْحَابِ عِنْدَ اللهِ خَيْرُهُمْ لِصَاحِبِهِ، وَخَيْرُ الْجِيْرَانِ عِنْدَ اللهِ خَيْرُهُمْ لِجَارِهِ ]

«ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ياخشى ھەمراھ ـــ ئۆز ھەمراھىغا كۆپ ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر؛ ئەڭ ياخشى قوشنا ـــ ئۆز قوشنىسىغا كۆپ ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر» (تىرمىزى).

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ياخشىلىق، روھى جەھەتتە بىر-بىرىگە تەسەللى بېرىش، بىر-بىرىنى قوللاش، شۇنداقلا ماددىي جەھەتتە بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش ۋە بىر-بىرىگە يار-يۆلەكتە بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ لا يَمْنَعَنَّ أَحَدُكُمْ جَارَهُ أَنْ يَضَعَ خَشَبَةً فِيْ جِدَارِهِ ]

«ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ تېمىغا قوشنىسىنىڭ ياغاچ قويۇۋېلىشىنى توسمىسۇن!» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ أَوَّلُ خَصْمَيْنِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ جَارَانِ ]

«قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ داۋا سورىلىدىغان ئىككى ئادەم ئىككى ھەقەمسايىدۇر»

(ئەھمەد).

جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەرقانداق ئادەم بىر-بىرىگە موھتاج بولىدۇ. قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ تېخىمۇ شۇنداق، ئەگەر بىز قوشنىدارچىلىقنى ياخشى ئادا قىلالىساق، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولالايمىز.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ مَنْ نَفَّسَ عَنْ مُؤْمِنٍ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ الدُّنْيَا نَفَّسَ اللهُ عَنْهُ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَمَنْ يَسَّرَ عَلَى مُعْسِرٍ يَسَّرَ اللهُ عَلَيْهِ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ، وَمَنْ سَتَرَ مُسْلِمًا سَتَرَهُ اللهُ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَ اللهُ فِي عَوْنِ الْعَبْدِ مَا كَانَ الْعَبْدُ فِي عَوْنِ أَخِيهِ ]

«كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ دۇنيادىكى غەم-ئەندىشىلىرىدىن بىرنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈندىكى غەم-ئەندىشىلىرىدىن بىرنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى قىيىنچىلىقتا قالغان بىر مۇسۇلمانغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپىدىكەن، ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ، بەندە قېرىندىشىغا يار-يۆلەكتە بولسىلا، ئاللاھ ئۇ بەندىگە يار-يۆلەكتە بولىدۇ» (مۇسلىم).

قولۇم-قوشنىلىق مۇناسىۋەت ئاددىي ھەم كىچىك ئىش بولماستىن، بەلكى مۇرەككەپ ھەم مۇھىم ئىشتۇر. شۇڭا قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئوبدان ئۆتەيلى، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولايلى، ئەگەر قوشنىلىرىمىز تەرىپىدىن بەزى ئاۋارىچىلىكلەرگە، ئەزىيەتلەرگە ئۇچراپ قالساق سەۋر قىلايلى؛ چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمدىكى ۋاقىتتا، ئەتراپتىكى مۇشرىك قوشنىلىرى ناھايىتى قاتتىق ئەزىيەت يەتكۈزگەن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا نىجاسەتلەرنى تاشلاپ قوياتتى. ماڭىدىغان يوللىرىغا تىكەنلەرنى چاچاتتى. يوللاردا ماڭسا، ئالدىنى توسۇۋېلىپ تىللايتتى، ھاقارەتلەيتتى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەۋرى قىلاتتى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيي ئېلىپ چۈشكەن ۋاقىتلاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىلىرىنىڭ قىلىۋاتقان يامانلىقلىرى، ئەزىيەتلىرى ھەققىدە دەرد تۆككەندە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەۋرە قىلغىن،

قوشناڭنىڭ ئەزىيەتلىرىنى كۆتۈرگىن، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن» دەيتتى.
شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[ مَا زَالَ جِبْرِيلُ يُوصِيْنِيْ بِالْجَارِ حَتَّى ظَنَنْتُ أَنَّهُ يُوَرِّثُنِي ]

«جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەر دائىم ماڭا قولۇم ـ قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ھەتتاكى مەن قوشنامنى كەلگۈسىدە ماڭا مىراسخور قىلىپ قويامدىكىن دەپ ئويلاپ قالاتتىم» دەيتتى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

[ يَا رَسُوْلَ اللهِ، دُلَّنِي عَلَى عَمَلٍ إِذَا قُمْتُ بِهِ دَخَلْتُ الْجَنَّةَ فَقَالَ: كُنْ مُحْسِنًا فَقَالَ: كَيْفَ أَعْلَمُ أَنِّي مُحْسِنٌ ؟ قَالَ: سَلْ جِيرَانَكَ، فَإِنْ قَالُوا: إِنَّكَ مُحْسِنٌ فَأَنْتَ مُحْسِنٌ، وَإِنْ قَالُوا: إِنَّكَ مُسِيءٌ، فَإِنَّكَ مُسِيءٌ ]

«ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا بىر ئەمەلنى كۆرسىتىپ بەرسىلە، مەن شۇ ئەمەلنى قىلىش ئارقىلىق جەننەتكە كىرگەيمەن» دەپ ئۆتۈندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ياخشى ئىش قىلىدىغان ئادەم بولغىن»، دېدى. ئۇ ئادەم: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆزۈمنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلىمەن؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىلىرىڭدىن سورىغىن! ئەگەر ئۇلار سېنى ياخشى ئادەم دەپ تەرىپلىسە، ئۇنداقتا سەن ياخشى ئادەم؛ ئەگەر قوشنىلىرىڭ سېنى ناچار ئادەم دەپ باھا بەرسە، ئۇنداقتا سەن ناچار بولۇپ ھېسابلىنىسەن» دېدى. (ئىبنى ماجە)

جەمئىيەتتە ئىككى تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بەرگەن باھاسى ئاساسەن توغرا بولىدۇ. بىرىنچىسى، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بەرگەن باھاسى؛

ئىككىنچىسى، ئەل ـ جامائەتنىڭ بەرگەن باھاسى.

شۇڭا، قېرىنداشلار! قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈپ، ئەل ـ جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئالايلى!

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى:

[ يَا رَسُوْلَ اللهِ إِنَّ فُلَانَةَ تُكْثِرُ مِنْ صَلَاتِهَا وَصَدَقَتِهَا وَصِيَامِهَا غَيْرَ أَنَّهَا تُؤْذِيْ جِيْرَانَهَا بِلِسَانِهَا قَالَ: هِيَ فِي النَّارِ ]

«ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى ئايال نەفلە نامازنى كۆپ ئوقۇيدۇ، سەدىقىنى كۆپ بېرىدۇ، روزىنى كۆپ تۇتىدۇ، لېكىن ئۇ ھەمىشە قوشنىسىغا تىلى ئارقىلىق ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ئايال دوزاختا تاشلىنىدۇ، دېدى» (ئىمام ئەھمەد).

يۇقىرىقى ھەدىستە ئەگەر بىز ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان، ئاللاھ بۇيرۇغان بارلىق ئەمەللەرنى ئادا قىلىدىغان مۆئمىن ـ مۇسۇلمان بولۇپ، لېكىن قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتمىسەك، جاپا تارتىپ قىلغان ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولمايدىغانلىقى، ئاخىرەتتە خار بولۇپ، يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىمىزدىن ئىبارەت مۇھىم نۇقتا يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ يَا نِسَاءَ الْمُسْلِمَاتِ لَا تَحْقِرَنَّ جَارَةٌ لِجَارَتِهَا وَلَوْ فِرْسِنَ شَاةٍ ]

«ئى مۇسۇلمان ئاياللار! بىر ئايال قوشنىسى ئۈچۈن قوينىڭ شىرىقى چاغلىق نەرسىسى بولسىمۇ تۆۋەن كۆرمىسۇن!» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّن قَوْمٍ عَسَىٰ أَن يَكُوْنُوْا خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِّنْ نِّسَاءٍ عَسَىٰ أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوْا أَنْفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوْا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الْاِسْمُ الْفُسُوْقُ بَعْدَ الْإِيْمَانِ وَمَنْ لَّمْ يَتُبْ فَأُوْلَٰئِكَ هُمُ الظَّالِمُوْنَ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار. ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن پاسىق دېگەن ئاتقا قېلىش نېمىدېگەن يامان! (بۇنداق ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلغانلاردۇر﴾ (49 ـ سۈرە/ھۇجۇرات 11 ـ ئايەت).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

[ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَشْكُو جَارَهُ فَقَالَ اذْهَبْ فَاصْبِرْ فَأَتَاهُ مَرَّتَيْنِ

أَوْ ثَلَاثًا فَقَالَ اذْهَبْ فَاطْرَحْ مَتَاعَكَ فِي الطَّرِيْقِ فَطَرَحَ مَتَاعَهُ فِي الطَّرِيْقِ فَجَعَلَ النَّاسُ يَسْأَلُوْنَهُ فَيُخْبِرُهُمْ خَبَرَهُ فَجَعَلَ النَّاسُ يَلْعَنُوْنَهُ فَعَلَ اللّٰهُ بِهِ وَفَعَلَ وَفَعَلَ فَجَاءَ إِلَيْهِ جَارُهُ فَقَالَ لَهُ ارْجِعْ لَا تَرَى مِنِّيْ شَيْئًا تَكْرَهُهُ ]

بىر ئادەم قوشنىسىدىن شىكايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قايتىپ كېتىپ، سەۋر قىلغىن، ــ دېدى. ئۇ ئادەم ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرار كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سەن قايتىپ بېرىپ، نەرسە ــ كېرەكلىرىڭنى يولغا ئاچىقىپ تاشلا! ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ نەرسە ــ كېرەكلىرىنى ئاچىقىپ يولغا تاشلىدى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى سوراشقا باشلىدى، ئۇ ئادەم ئۇلارغا ئىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇنىڭ قوشنىسىغا لەنەت ئېيتىپ: ئاللاھ ئۇنداق قىلغۇەتسۇن! ئاللاھ بۇنداق قىلغۇەتسۇن! ــ دېيىشتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ قوشنىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: سەن قايتىپ كەتكىن! بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن ياقتۇرمايدىغان ھېچ نەرسىنى كۆرمەيسەن، يەنى ساڭا ھەرگىز يامانلىق قىلمايمەن»، ــ دېدى. (ئەبۇ داۋۇد)

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىمدە» مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالَّذِيْنَ يُؤْذُوْنَ الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوْا فَقَدِ احْتَمَلُوْا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِيْنًا﴾

﴿مۇئمىن ئەر ــ ئاياللارغا ئۇلار قىلمىغان ئىشلارنى چاپلاپ ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾ (33 ــ سۈرە/ئەھزاب 58 ــ ئايەت).

ئەبۇ سەرمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ مَنْ ضَارَّ ضَارَّ اللّٰهُ بِهِ وَمَنْ شَاقَّ شَاقَّ اللّٰهُ عَلَيْهِ (رواه الترمذي) ]

«كىمكى بىراۋغا زىيان سالسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا زىيان سالىدۇ، كىمكى بىراۋنى قىيىن ئەھۋالدا قويسا، ئاللاھمۇ ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قويىدۇ».

ئەمىر ئىبنى يەھيا مازىنىنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ لَاضَرَرَ وَلَاضِرَارَ ]

«زىيان تارتىشقمۇ بولمايدۇ، زىيان سېلىشقمۇ بولمايدۇ» (مالىك).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلَا يُؤْذِ جَارَهُ ]

«كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن!» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

تابىئىنلاردىن بىرى بولغان، مۇتەپەككۇر ئالىم ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى قوشنا قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمەيلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى قوشنىسى يەتكۈزگەن ئەزىيەتكە سەۋر-تاقەت قىلالايدىغان ئادەمدۇر».

دېمەك، ئۆزئارا ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتى جەمئىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. شۇنداقلا، ھەر بىر مۇسۇلمانغا قويۇلغان ئاساسلىق ساپا تەلىپىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇرۇن قولۇم-قوشنىلار ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى، ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىشاتتى، تاماق ئەتسە، قوشنام تېتىپ باقسۇن دەپ ئۆز-ئارا تاماق سۇنۇشاتتى، بىرەر جايلارغا كېتىپ قالسا، ئۆيلىرىنى تاقىمايتتى، تاقىسىمۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قوشنىلىرىغا بېرىپ قوياتتى. توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلاردا قولۇم-قوشنىلار يېقىندىن ياردەملەردە بولاتتى. ئۆيلەرگە سىغمىغان جامائەتلەرنى قوشنىلار ئۆيلىرىگە باشلايتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەر قولۇم-قوشنىلىرىنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىنمۇ ئارتۇق بىلەتتى.

ھازىر قولۇم-قوشنىلىق مۇناسىۋەت سۇسلىشىۋاتىدۇ. بىر بىنادا تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ قوشنىسىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغان، ئۇدۇل كېلىپ قالسىمۇ، سالام قىلىشمايدىغان، ئاغرىپ قالسا بىر-بىرىنى يوقلاشمايدىغان، غەيۋەت قىلىشىپ، ئەيىب ئېچىشىدىغان يامان ئادەتلەر شەكىللىنىۋاتىدۇ.

بىز مۇئمىن-مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق يامان ئادەتلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە مۇنداق دېگەن:

[ مَا تَقُوْلُوْنَ فِي الزِّنَا قَالُوْا حَرَّمَهُ اللّٰهُ وَرَسُوْلُهُ فَهُوَ حَرَامٌ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ قَالَ فَقَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِأَصْحَابِهِ لَأَنْ يَزْنِيَ الرَّجُلُ بِعَشْرَةِ نِسْوَةٍ أَيْسَرُ عَلَيْهِ مِنْ أَنْ يَزْنِيَ بِامْرَأَةِ جَارِهِ قَالَ فَقَالَ مَا تَقُوْلُوْنَ فِي السَّرِقَةِ قَالُوْا حَرَّمَهَا اللّٰهُ وَرَسُوْلُهُ فَهِيَ حَرَامٌ قَالَ لَأَنْ يَسْرِقَ الرَّجُلُ مِنْ عَشْرَةِ أَبْيَاتٍ أَيْسَرُ عَلَيْهِ مِنْ أَنْ يَسْرِقَ مِنْ جَارِهِ ]

«زىنا ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟» ساھابىلەر: «زىنا ھارامدۇر، ئۇنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلدى» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى باشقا ئون ئايال بىلەن زىنا قىلغاننىڭ گۇناھىدىنمۇ ئېغىرراقتۇر» دېدى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوغرىلىق ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: «ئوغرىلىق ھارامدۇر، ئۇنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلدى» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىسىنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاشنىڭ گۇناھى باشقا ئون ئۆينىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاشنىڭ گۇناھىدىن ئېغىرراقتۇر» دېدى. (ئىمام ئەھمەد)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ اِتَّقِ الْمَحَارِمَ تَكُنْ أَعْبَدَ النَّاسِ، وَارْضَ بِمَا قَسَمَ اللّٰهُ لَكَ تَكُنْ أَغْنَى النَّاسِ، وَأَحْسِنْ إِلَى جَارِكَ تَكُنْ مُؤْمِنًا، وَأَحِبَّ لِلنَّاسِ مَا تُحِبُّ لِنَفْسِكَ تَكُنْ مُسْلِمًا، وَلَا تُكْثِرِ الضِّحْكَ فَإِنَّ كَثْرَةَ الضِّحْكِ تُمِيْتُ الْقُلُوْبَ ]

«ھارامىلاردىن ساقلانغىن! كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئابىد بولىسەن. ئاللاھ تەقسىم قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرگە رازى بولغىن! كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ باي بولىسەن. قوشناڭغا ياخشىلىق قىلغىن! مۇئمىن بولىسەن. ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرگىن! مۇسۇلمان بولىسەن. كۆپ كۈلمە! كۆپ كۈلۈش قەلبلەرنى ئۆلتۈرىدۇ» (تىرمىزى).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ حَقُّ الْجَارِ أَرْبَعُوْنَ دَارًا هَكَذَا وَهَكَذَا وَهَكَذَا وَهَكَذَا يَمِيْنًا وَشِمَالًا وَقُدَّامَ وَخَلْفَ ]

«قوشنا ھەققى ئوڭ ـ سول، ئالدى ۋە كەينى تەرەپكە بولۇپ **40** ئۆيگىچە ئۆزىرايدۇ»

(مەۋسلى 5982 ـ هەدىس).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[ أَتَدْرُوْنَ مَا حَقُّ الْجَارِ ؟ إِذَا اسْتَعَانَ بِكَ أَعَنْتَهُ وَ إِذَا أَصَابَهُ خَيْرٌ هَنَّأْتَهُ وَ إِذَا أَصَابَتْهُ مُصِيبَةٌ عَزَّيْتَهُ وَإِذَا مَاتَ اتَّبَعْتَ جِنَازَتَهُ وَلا تَسْتَطِلُ عَلَيْهِ بِالْبِنَاءِ فَتَحْجِبُ عَنْهُ الرِّيحَ إِلا بِإِذْنِهِ وَلا تُؤْذِيهِ بِقُتَارِ قِدْرِكَ إِلَّا أَنْ تَغْرِفَ لَهُ مِنْهَا وَإِذَا اشْتَرَيْتَ فَاكِهَةً فَأَهْدِ لَهُ فَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَأَدْخِلْهَا سِرًّا ، وَلا يَخْرُجُ بِهَا وَلَدُكَ لِيَغِيْظَ بِهَا وَلَدَهُ ]

«سىلەر قوشنىنىڭ ھەققىنى بىلەمسىلەر؟ قوشنىنىڭ ھەققىلىرى: ئەگەر قوشناڭ سەندىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ياردەم قىلغىن! ئۇنىڭغا بىرەر خۇشاللىق يەتسە، تەبرىكلىگىن! ئەگەر بىرەر مۇسىبەت يېتىپ قالسا، تەزىيە بىلدۈرۈپ، ھېسداشلىق قىلغىن! ئەگەر ۋاپات بولسا، جىنازىسىغا ئەگەشكىن! ئېگىز بىنا سېلىۋېلىپ، شامالنى توسۇپ قويمىغىن! لېكىن، ئۇ قوشناڭ قوشۇلسا بولىدۇ. تاماق قىلساڭ، قوشناڭغىمۇ بىرەر قاچا سۇنۇپ قويغىن! ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭ، قازاننىڭ گاژ ـ گۇژ قىلغان ئاۋازى بىلەن قوشناڭغا ئازار بەرمىگىن! مېۋە ـ چېۋە سېتىۋالساڭ، قوشناڭغىمۇ ئازراق بەرگىن! ئۇنداق قىلالمىساڭ، كۆرسەتمەي ئۆيۈڭگە ئەكىرىپ كەتكىن! بالىلىرىڭ مېۋىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ يېمىسۇن! بولمىسا، قوشنىلىرىڭنىڭ بالىلىرى ئازار يەيدۇ» (قۇرتۇبى).

مۆھتەرەم قېرىنداشلار! قولۇم ـ قوشنىلىق ھەق ـ ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەرنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشايلى! ئۆز ـ ئارا ياردەمدە بولايلى! ئۆز ـ ئارا يول قويايلى! شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە، مەغپىرىتىگە مۇيەسسەر بولالايمىز. بۇ دۇنيادا كۆڭۈللۈك، خۇشال، ئىتتىپاق ياشاپ، قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەيمىز.

﴿رَبَّنَا لاَ تَجْعَلْنَا مَعَ الْقَوْمِ الظَّالِمِيْنَ ﴾ (7 ـ سۈرە/ئەئراف 47 ـ ئايەت)

﴿ئى رەببىمىز! بىزنى بۇ زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن﴾

﴿رَبَّنَا افْتَحْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ قَوْمِنَا بِالْحَقِّ وَأَنْتَ خَيْرُ الْفَاتِحِيْنَ﴾

﴿ئى رەببىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىزنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن﴾ (7 ـ سۈرە/ئەئراف 89 ـ ئايەت).

ئامىين!

# ئىسلامدىكى نىكاھنىڭ پەزىلىتى

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ ، نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوْذُ بِاللهِ مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا ، وَ مِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَّهْدِهِ اللهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِىَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَن لاَّ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَ أَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلاَ تَمُوْتُنَّ إِلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُوْنَ﴾ ( آل عمران : 102)

﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِيْ خَلَقَكُمْ مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيراً وَنِسَاءً وَاتَّقُوا اللهَ اللهَ الَّذِيْ تَسَاءَلُوْنَ بِهِ وَالأَرْحَامَ إِنَّ اللهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيْبًا﴾ (النساء : 1)

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا اتَّقُوْا اللهَ وَقُوْلُوْا قَوْلًا سَدِيْدًا يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَن يُطِعِ اللهَ وَرَسُوْلَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيْمًا﴾ (الأحزاب : 70 )

فَإِنَّ أَصْدَقَ الحَدِيْثِ كِتَابُ اللهِ ، وَخَيْرَ الهَدْيِ هَدْىُ مُحَمَّدٍ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَشَرَّ الأُمُورِ مُحْدَثَاتُهَا ، وَكُلَّ مُحْدَثَةٍ بِدْعَةٌ ، وَكُلَّ بِدْعَةٍ ضَلَالَةٌ وَكُلَّ ضَلَالَةٍ فِيْ النَّارِ . أَمَّا بَعْدُ :

السَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ!

مۆھتەرەم جامائەتلەر! بۈگۈن سۆزلىمەكچى بولغىنىمىز ئىسلام دىنىمىزدىكى نىكاھ ھەققىدە بولىدۇ.

نىكاھ تىلغا ئېلىنىسا ئائىلىلەردە ياكى مەسجىدلەردە بولۇۋاتقان نىكاھ سورۇنلىرى، خۇشال كەيپىياتلار، تويدىكى مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.
نىكاھ ئارقىلىق بىر جۈپ قىز-يىگىت بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلىنىدۇ. تۇنجى ئائىلە ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئائىلىسىدۇر.
ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا آدَمُ اسْكُنْ أَنْتَ وَزَوْجُكَ الْجَنَّةَ﴾

﴿بىز (ئادەمگە): «ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ (ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرغىن! دېدۇق»﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 35 ـ ئايەت).
تۇنجى ئائىلە بىر ئەر، بىر ئايالدىن قۇرۇلغان، ئۇنداقتا ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇھەببىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزدا قەتئىي چەكلىنىدۇ.

## نىكاھنىڭ ئەھمىيتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوْا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِيْ ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُوْنَ﴾

﴿ئاياللار بىلەن ئۇنسىي-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾ (30 ـ سۈرە/ رۇم 21 ـ ئايەت).
ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلًا مِنْ قَبْلِكَ وَجَعَلْنَا لَهُمْ أَزْوَاجًا وَذُرِّيَّةً﴾

﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، ئۇلارغا خوتۇنلار ۋە باللارنى بەرگەن ئىدۇق﴾ (13 ـ سۈرە/رەئد 38 ـ ئايەت).
بۇ ئىككى ئايەتتىن مەلۇم بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئەر-ئايال قىلىپ يارىتىلغانلىقى، نىكاھ ئارقىلىق ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا مېھىر-مۇھەببەت پەيدا بولغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەت

بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئائىلىسى، بالا ـ چاقىلىرى بولغان.

ئۇنداقتا توي قىلىش ئىنسانلاردىكى تەبىئىي ئېھتىياجدۇر.

ئىسلام دىنىمىز ئىنسانلارنىڭ نورمال ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان دىندۇر.

بەيھەقى سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ إِنَّ اللهَ أَبْدَلَنَا بِالرَّهْبَانِيَّةِ الحَنَفِيَةَ السَّمْحَةَ ]

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بىزگە تەركىدۇنيالىقنىڭ ئورنىغا توغرا، قولاي بولغان شەرىئەتنى ئالماشتۇرۇپ بەردى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

[ مَنْ كَانَ مُوْسِرًا لِأَنْ يَنْكَحَ ثُمَّ لَمْ يَنْكَحْ فَلَيْسَ مِنِّي ]

«نىكاھلىنىشقا قۇربى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق توي قىلمىغان كىشى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قاتارىدىن ئەمەس» (تەبرانى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ توي قىلماي راھىبلارچە ياشىشىنى ھارام قىلىدۇ.

[ عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: جَاءَ ثَلَاثَةُ رَهْطٍ إِلَى بُيُوْتِ أَزْوَاجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَسْأَلُوْنَ عَنْ عِبَادَةِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَلَمَّا أُخْبِرُوا كَأَنَّهُمْ تَقَالُّوْهَا فَقَالُوا وَأَيْنَ نَحْنُ مِنَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَدْ غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ وَمَا تَأَخَّرَ قَالَ أَحَدُهُمْ أَمَّا أَنَا فَإِنِّي أُصَلِّي اللَّيْلَ أَبَدًا وَقَالَ آخَرُ أَنَا أَصُوْمُ الدَّهْرَ وَلَا أُفْطِرُ وَقَالَ آخَرُ أَنَا أَعْتَزِلُ النِّسَاءَ فَلَا أَتَزَوَّجُ أَبَدًا فَجَاءَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَيْهِمْ فَقَالَ: «أَنْتُمْ الَّذِيْنَ قُلْتُمْ كَذَا وَكَذَا أَمَا وَاللهِ إِنِّي لَأَخْشَاكُمْ لِلّٰهِ وَأَتْقَاكُمْ لَهُ لَكِنِّي أَصُوْمُ وَأُفْطِرُ وَأُصَلِّيْ وَأَرْقُدُ وَأَتَزَوَّجُ النِّسَاءَ فَمَنْ رَغِبَ عَنْ سُنَّتِيْ فَلَيْسَ مِنِّي »]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۈچ نەپەر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرى ھەققىدە سورىدى. ئۇلارغا خەۋەر بېرىلگەن چاغدا، ئۇلار بۇ ئەمەللەرنى ئاز سانىغاندەك قىلىپ: «بىز بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا پەرق چوڭ،

ئـاللاھ تـائـالا ئۇنـىـڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇنـاھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋەتكەن» دېيىشـتى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن ھەمىشە كېچىسى ناماز ئوقۇيمەن» دېدى. يەنە بىرى: «مەن يىـل بويى روزا تۇتىمەن ۋە روزىسـىـــــز يۈرمەيمەن» دېـدى. ۋە يەنە بىرى: «مەن ئاياللاردىن يىراق تۇرىمەن ۋە مەڭگۈ ئۆيلەنمەيمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسـســـالام كېلىپ ئۇلارغا: «مۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرنى قىلغان كىشـىلەر سـىـلەرمۇ؟ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسـەمكى، ھەقىقەتەن مەن ئەلۋەتتە روزا تۇتىمەن ۋە روزىسـىـزمۇ يۈرىمەن. مەن كېچىنىڭ بىر قىسـىـمىدا ناماز ئوقۇيمەن، بىر قىسـىـمىدا ئۇخلايمەن ھەم ئاياللار بىلەن توي قىلىمەن. كىمكى مېنىـڭ سـۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسـە ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېدى (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

نىكاھلىنىش (توي قىلىش) ئىنسـانلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى. چۈنكى توي قىلىش ئارقىلىقلا ئىنسانلارنىڭ نەسلى ئۈزۈلمەيدۇ. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ توغۇرلۇق مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِيْ خَلَقَكُمْ مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيراً وَنِسَاءً وَاتَّقُواْ اللهَ الَّذِيْ تَسَاءَلُوْنَ بِهِ وَالأَرْحَامَ إِنَّ اللهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيْبًا ﴾

﴿ئى ئىنسـانلار! سـىلەرنى بىر ئىنسـان (ئادەم ئەلەيھىسسـالام)دىن ياراتقان، شۇ ئىنسـاندىن ئۇنىڭ جۈپتى (يەنى ھەۋۋا)نى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار﴾ (4 ـ سۈرە/نىسا 1 ـ ئايەت).

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَ اللهُ جَعَلَ لَكُمْ مِّنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجًا وَجَعَلَ لَكُمْ مِّنْ أَزْوَاجِكُمْ بَنِيْنَ وَحَفَدَةً﴾

﴿ئاللاھ سـىـلەر ئۈچۈن خوتۇنلىرىڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سـىـلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى﴾ (16 ـ سۈرە/نەھل 72 ـ ئايەت).

توي قىلىش ئارقىلىق نەسـەب پاك بولىدۇ ۋە سـاقلىنىدۇ. ئەگەر كىشـىلەر غەرىزىنىڭ بىر قىسـىـم يامان ئىللەتلىرىنى دوراپ توي قىلماي قالايمىقان يوللارغا كىرىپ كەتسـە جەمئىيەتتە بىر توپ نەسـەبى ئېنىق ئەمەس، ئېتىبارى يوق باللار پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئەخلاق ـ پەزىلەتلەر، ئىنسانىيلىقلار يوقايدۇ.

توي قىلىش كىشـىلەرنىڭ ئەخلاقىنى قوغدايدىغان، تۈزەيدىغان، ئۇلۇغ ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[ عَنْ عَلْقَمَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَليْهِ وَسَلَّمَ: «يَا مَعْشَرَ الشَّبَابِ مَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمُ الْبَاءَةَ فَلْيَتَزَوَّجْ، فَإِنَّهُ أَغَضُّ لِلْبَصَرِ وَأَحْصَنُ لِلْفَرْجِ فَمَنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَعَلَيْهِ بِالصَّوْمِ فَإِنَّهُ لَهُ وِجَاءٌ » (متفق عليه)]

ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : «ئى ياشلار جامائەسى! ئاراڭلاردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولالايدىغانلار ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى هارامغا قاراشتىن ساقلايدۇ؛ ئەۋرەتنى هارامدىن ساقلايدۇ. ئۆيلىنەلمىگەنلەر روزا تۇتسۇن، روزا ئۇنىڭغا قالقان بولىدۇ».

توي قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر تۇرلۇك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ، روھىي خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ، ئەۋلاد تەربىيەلەش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا دوستلۇق، مېھرىبانلىق رىشتىسى باغلىنىدۇ، ئاخىرىدا ياخشى بىر ئائىلە قۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلماندارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ۋە ساۋاب ئەمەللىرىنى بىرگە ئادا قىلىدۇ.

## قانداق لايىق تاللاش كېرەك؟

توي قىلىش مەڭگۈلۈك سەپەر دېمەكتۇر.

ئېتىڭىز ياخشى بولمىسا، هېرىپ قالىسىز، مەنزىلگە يېتىپ بارالمايسىز، مەنزىل ئۇ بولسىمۇ جەننەتتۇر.

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قانداق قىزلارنى تاللاش توغرۇلۇق توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەردى:

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «تُنْكَحُ الْمَرْأَةُ لِأَرْبَعٍ لِمَالِهَا وَلِحَسَبِهَا وَلِجَمَالِهَا وَلِدِينِهَا فَاظْفَرْ بِذَاتِ الدِّيْنِ تَرِبَتْ يَدَاكَ » ]

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى تۆت ئالاھىدىلىك ئاساسىدا نىكاھلىنىدۇ، ئىقتىسادى، يۈز - ئابرۇيى، هۆسن - جامالى، دىنى، سەن دىيانەتلىك ئايالنى ئالغىن، بەخت تاپىسەن».

بۇ هەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئايال تاللاشتىكى

مەقسەت ـ مۇددىئاسىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى پەقەت دىيانەتلىك ئايالغا ئېرىشكەندىلا ئاقىۋەتنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن، بۇ مەزمۇن تۆۋەندىكى ھەدىستە تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىندۇ.

[ عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «مَنْ تَزَوَّجَ امْرَأَةً لِعِزِّهَا لَمْ يَزِدْهُ اللهُ إِلَّا ذُلًّا ، وَمَنْ تَزَوَّجَهَا لِمَالِهَا لَمْ يَزِدْهُ اللهُ إِلَّا فَقْرًا ، وَمَنْ تَزَوَّجَ امْرَأَةً لِحُسْنِهَا لَمْ يَزِدْهُ اللهُ إِلَّا دَنَاءَةً ، وَمَنْ تَزَوَّجَ اِمْرَأَةً لَمْ يَتَزَوَّجْهَا إِلَّا لِيَغُضَّ بَصَرَهُ أَوْ لِيُحْصِنَ فَرْجَهُ أَوْ يَصِلَ رَحِمَهُ بَارَكَ اللهُ لَهُ فِيْهَا وَبَارَكَ لَهَا فِيْهِ » (رَوَاهُ الطَّبْرَانِيُّ) ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :«شان ـ شەرەپىنىلا كۆزلەپ خوتۇن ئالغان كىشىنى ئاللاھ تائالا تېخىمۇ خار قىلىدۇ، ئىقتىسادنى كۆزلەپ خوتۇن ئالغان كىشىنى ئاللاھ تېخىمۇ نامرات قىلىۋېتىدۇ، يۈز ـ ئابرۇيىنى كۆزلەپ خوتۇن ئالغاننى ئاللاھ تائالا تېخىمۇ پەس قىلىۋېتىدۇ. كۆزنى نامەھرەملەردىن يۇمۇش، ئەۋرەتنى ساقلاش، سىلە ـ رەھىم قىلىش ئۈچۈن خوتۇن ئالغان بولسا ئاللاھ تائالا ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ».

ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ، توي قىلىشتىمۇ ھەم شۇنداق.

قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ قىزلىرىنى دىيانەتلىك يىگىتلەرگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ قَالَ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: « إِذَا جَاءَكُمْ مَنْ تَرْضَوْنَ دِيْنَهُ وَخُلُقَهُ فَزَوِّجُوْهُ إِلَّا تَفْعَلُوْهُ تَكُنْ فِتْنَةٌ فِي الْأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيْرٌ » (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ) ]

«سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا دىن ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن سىلەر رازى بولىدىغان بىر يىگىت كەلسە ئۇنى ئۆيلەپ قويۇڭلار، ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر، زېمىندا چوڭ پىتنە ـ پاسات بولىدۇ.»

يەنە بىر تەرجىمىسى: «دىيانىتى ۋە ئەخلاقى سىلەرنى رازى قىلىدىغان بىر يىگىت كەلسە ئۇنى ئۆيلەپ قويۇڭلار، ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر، زېمىندا چوڭ پىتنە ـ پاسات بولىدۇ.» (قايسىسى ياخشىراق دەپ قارالسا شۇ ئېلىنسۇن)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىن ئاساسىغا قۇرۇلمىغان ئائىلىنىڭ ئاخىرىدا جەمئىيەتكە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى

كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئى ئاتا ـ ئانىلار تويىنى قىز سودىسى قىلىۋالماڭلار.

## نىكاھلانسا بولمايدىغان ئاياللار

نىكاھلاپ ئېلىشقا بولمايدىغان ئاياللار نەسەب سەۋەبلىك، ئېمىلداشلىق سەۋەبلىك، قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ.

بۇ توغرۇلۇق ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمْ أُمَّهَاتُكُمْ وَبَنَاتُكُمْ وَأَخَوَاتُكُمْ وَعَمَّاتُكُمْ وَخَالَاتُكُمْ وَبَنَاتُ الْأَخِ وَبَنَاتُ الْأُخْتِ وَأُمَّهَاتُكُمُ اللَّاتِيْ أَرْضَعْنَكُمْ وَأَخَوَاتُكُمْ مِنَ الرَّضَاعَةِ وَأُمَّهَاتُ نِسَائِكُمْ وَرَبَائِبُكُمُ اللَّاتِيْ فِيْ حُجُورِكُمْ مِنْ نِسَائِكُمُ اللَّاتِيْ دَخَلْتُمْ بِهِنَّ فَإِنْ لَمْ تَكُوْنُوْا دَخَلْتُمْ بِهِنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ وَحَلَائِلُ أَبْنَائِكُمُ الَّذِيْنَ مِنْ أَصْلَابِكُمْ وَأَنْ تَجْمَعُوْا بَيْنَ الْأُخْتَيْنِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَ إِنَّ اللهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيْمًا﴾

﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ئېنىكئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىنئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان خوتۇنلىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيەلەنگەن قىزلىرىنى[2]، نىكاھىڭلارغا ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ خوتۇنلىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئاچا ـ سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾ (4 ـ سۈرە/نىسا 23 ـ ئايەت).

باشقىلار بىلەن توي قىلىشنى پۈتۈشكەن قىزغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويسا بولمايدۇ.

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «لَا

---

[2] ھەدىسنىڭ روھى بويىچە، ئۆگەي قىزنى نىكاھلاپ ئېلىشنىڭ ھارام بولۇشى ئۆزىنىڭ تەربىيەسىدە بولۇش ـ بولماسلىقنى شەرت قىلمايدۇ.

يَخْطُبْ أَحَدُكُمْ عَلَى خِطْبَةِ أَخِيْهِ ، حَتَّى يَتْرُكَ الخَاطِبُ قَبْلَهُ ، أَوْ يَأْذَنَ لَهُ» ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشى توي تەكلىپى قويغان قىزغا قېرىندىشى يانمىغۇچە ياكى رۇخسەت قىلمىغۇچە ئۇنىڭ توي تەكلىپى ئۈستىگە تەكلىپ قويمىسۇن» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) .

ئىسلام دىنى توي قىلغاندا تۇغۇمچان ئاياللار بىلەن توي قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

[ عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : «تَزَوَّجُوْا الوَلُودَ الْوَدُوْدَ فَإِنِّيْ مُكَاثِرٌ بِكُمُ الأَنْبِيَاءَ يَوْمَ القِيَامَةِ» (رَوَاهُ أَحْمَدُ) ]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر تۇغۇمچان ، مېھرىبان ئاياللار بىلەن توي قىلىڭلار ، چۈنكى مەن قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەرگە سىلەر بىلەن پەخىرلىنىمەن .»

توي قىلغان كىشىلەر ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ۋە قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق بىلەن بىرگە پەرزەنت تىلەپ ئاللاھقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلسۇن:

﴿رَبِّ هَبْ لِيْ مِنْ لَدُنْكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً إِنَّكَ سَمِيْعُ الدُّعَاءِ﴾

﴿ئى رەببىم ! سەن ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن ، سەن ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 38 ـ ئايەت) .

﴿رَبِّ هَبْ لِيْ مِنَ الصَّالِحِيْنَ﴾ (37 ـ سۈرە/سافقات 100 ـ ئايەت) .

﴿ئى رەببىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن﴾

﴿رَبِّ لَا تَذَرْنِيْ فَرْدًا وَأَنْتَ خَيْرُ الْوَارِثِيْنَ﴾

﴿ئى رەببىم! مېنى (ۋارىسسىز) يالغۇز قويما ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن﴾ (21 ـ سۈرە/ئەنبىيا 89 ـ ئايەت) .

باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نامىنى ئۆچۈرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ياخشى تەربىيەلىسە، ئۇلارنىڭ قىلغان دۇئالىرىنىڭ، ئىبادەتلىرىنىڭ، ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ئاتا ـ

ئانىلارغا داۋاملىق ئۇزۇلمەي يېتىپ تۇرىدۇ.

## نىكاھنىڭ شەرتلىرى

نىكاھ ئوقۇلغان ۋاقىتتا قىزنىڭ ۋەلىسى بولۇش، يەنە ئىككى ئەر، ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال گۇۋاھچى بولۇش، ھەم مەھرى ھەققى بېرىش شەرت قىلىنىدۇ. بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :

[ عَنْ أَبِي بُرْدَةَ بْنِ أَبِي مُوسَى عَنْ أَبِيْهِ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُمْ قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : « لَا نِكَاحَ اِلَّا بِوَلِيٍّ » (رَوَاهُ أَحْمَدُ) ]

ئەبۇ بۇردە ئىبنى ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ۋەلىسىز نىكاھ نىكاھ ئەمەس» .

[ وَعَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهَا قَالَتْ: قَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ صَلَى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : «لَا نِكَاحَ إِلَّا بِوَلِيٍّ وَشَاهِدَيْ عَدْلٍ» (رَوَاهُ الدَارُ قُطْنِيُّ وَابْنُ حِبَّانَ) ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ۋەلىسىز ۋە ئادىل ئىككى گۇۋاھچىسىز نىكاھ، نىكاھ ئەمەس.»

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق:

[ لَا بُدَّ فِي النِّكَاحِ أَرْبَعَةٌ ، اَلْوَلِيُّ وَالزَّوْجُ وَالشَّاهِدَيْنِ (رَوَاهُ الدَارُ قُطْنِيُّ) ]

«نىكاھتا ۋەلى، ئەر ۋە ئىككى گۇۋاھچىدىن ئىبارەت تۆت كىشى بولمىسا بولمايدۇ.»

يۇقىرقى ھەدىس شەرىپلەر نىكاھ ئوقۇلغاندا قىزنىڭ ۋەلىسى ۋە ئىككى گۇۋاھچى بولىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەبلەردە ئاياللارنىڭ ھېچقانداق ئىنسانىي ھوقۇقلىرى يوق ئىدى. قىزلار تۇغۇلسا تىرىك كۆمۈۋېتىلەتتى. مىراس بېرىلمەيتى، نىكاھ ئەركىنلىكى يوق ئىدى. ئىسلام دىنى ئۇلارغا ئەركىنلىك بەردى، قەددىنى يوقىرى كۆتۈردى، نىكاھتا قىزنىڭ ۋەلىسى بولۇش، ئىككە گۇۋاھچى بولۇش دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا قىز-ئوغۇلنىڭ رازىلىقى، نىكاھ ئوقۇلغاندا بىر-بىرىنىڭ تەگدىم، ئالدىم دېيىشى، ھەر ئىككىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىكاھنى مەسجىدتە ئوقۇشنى، ھەم ئېلان قىلىشنى بۇيرىغان.

[ عَنْ عَامِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزُّبَيْرِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمْ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : « اَعْلِنُوْا النِّكَاحَ » ]

ئامىر ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «نىكاھنى ئېلان قىلىڭلار.»

[ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : « أَعْلِنُوْا هَذَا النِّكَاحَ وَاجْعَلُوْهُ فِي الْمَسَاجِدِ وَاضْرِبُوْا عَلَيْهِ بِالدُّفُوْفِ » (رواه الترمذي) ]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ نىكاھنى ئېلان قىلىڭلار، ئۇنى مەسجىدلەردە قىلىڭلار، ئۇنىڭغا داپ چېلىڭلار»

توي ئۈچۈن زىياپەت بېرىش شەرىئەتتە رۇخسەت.

[ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُوْلَ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَأَى عَلَى عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ أَثَرَ صُفْرَةٍ فَقَالَ: « مَا هَذَا؟ » قَالَ: « يَا رَسُوْلَ اللهِ إِنِّي تَزَوَّجْتُ امْرَأَةً عَلَى وَزْنِ نَوَاةٍ مِنْ ذَهَبٍ » قَالَ: « فَبَارَكَ اللهُ لَكَ أَوْلِمْ وَلَوْ بِشَاةٍ ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئۈستىدە سېرىق بويالغان ئىزنى كۆرگەن، (ئەرەبلەردە توي قىلغان كىشى يۈزىگە سېرىق سۈركۈۋالىدىغان ئادەت بار)، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا : «نېمە بۇ؟» دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : «ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى! مەن بىر ئۆچكە چوڭلۇقىدىكى ئالتۇن تويلۇق بېرىپ بىر ئايال بىلەن توي قىلدىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، بىر قوي بىلەن بولسىمۇ زىياپەت بەرگىن» دېدى.

توي قىلغاندا بىر قىسىم شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم.

مەسىلەن، ئىسراپچىلىق، ھەشەمەتچىلىك، شەرىئەتكە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىش قاتارلىقلار.

تويدىن كېيىن ئەر-ئاياللار ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ، بىر-بىرىگە

سادىق بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئادا قىلىشى لازىم.

**ئەرنىڭ مەسئۇلىيىتى:**

ئەر ئايالىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ خىراجىتىنى قىلىش، كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرىش، تۇرالغۇ ئۆي بىلەن تەمىنلەش، ئۇلارنى ئاسراش، كۆيۈنۈش، مېھرىبان بولۇش، ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈش، ئاغرىپ قالسا داۋالىتىش، پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇش، ھارام ئىشلاردىن توسۇش، دىن ئىسلامدىن تەلىم بېرىش، ئائىلىسىنىڭ ئىززىتىنى، ھۆرمىتىنى ساقلاش، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا خار قىلماسلىق، ئۇلارغا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلار.

**ئايالنىڭ مەسئۇلىيىتى:**

ئايال ئەرگە سادىق بولۇش، ئىپپەتلىك بولۇش، ئەرنى ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىش، ئەر ئۈچۈن ياسىنىش، ئەرنى ھۆرمەتلەش، ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئائىلىنى ياخشى پاكىز تۇتۇش، باللىرىنى ياخشى تەربىيەلەش، ئاللاھقا ئاسىي بولمىغان ئاساستا ئەرگە ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ ئىزنىسىز ئۆيدىن چىقماسلىق، ئىسراپخورلۇق قىلماسلىق، مودا قوغلاشماسلىق، ئەرنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىماسلىق، ئائىلىنىڭ ئىززىتىنى، يۈز-ئابرۇيىنى ساقلاش، ئەرنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش قاتارلىقلار.

ئەر-ئاياللار كەڭ قورساق، ئەپۇچان، سەبىرلىك، ئېغىر-بېسىق، تەمكىن بولسا، ئائىلىدە ئورۇنسىز جېدەل-ماجىرالار بولمايدۇ. ئۇلارغا خۇشاللىق، بەخت-سائادەت ھەمراھ بولىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنى ھۆرمەتلەش لازىم. مەيلى ئەرنىڭ، مەيلى ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى بولسۇن ئوخشاش قاراپ ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى، دۇئاسىنى ئالسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەت يار بولىدۇ.

**خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا:**

نىكاھ ئاللاھنىڭ ئەمرى-پەرمانى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى، ئاتا-ئانىلارنىڭ قەرزى ۋە بۇرچى، پەرزەنتلەرنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى، نىكاھتا نۇرغۇن سىر ۋە ھېكمەتلەر بار. ھاياتنىڭ گۈزەللىكى ئائىلە بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ھايات ئائىلە بىلەن داۋاملىشىدۇ، شۇڭا ئائىلىنى قوغداش، ئائىلە ئۈچۈن قۇربان بېرىش ھەر بىر ئائىلە ئىگىسىنىڭ بۇرچىدۇر.

# تالاق توغرىسىدا

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْمِ

الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ، جَعَلَ لَكُمْ مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا وَجَعَلَ لَكُم مِّنْ أَزْوَاجِكُمْ بَنِيْنَ وَحَفَدَةً وَرَزَقَكُمْ مِّنَ الطَّيِّبَاتِ. وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ أَجْمَعِينَ. أَمَّا بَعْدُ:

قوله تعالى : ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَّتَفَكَّرُوْنَ﴾ (الروم:21)

ھۆرمەتلىك جامائەت!

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن دىندۇر. ئىسلام شەرىئىتى ھەر نەرسىنى تولۇق بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان بولغاچقا، شەرىئەتتە ئەھمىيەتسىز، پايدىسىز ھېچقانداق نەرسە يوق. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ قاتارىدا ئەر ـ ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىشىدىمۇ زور ھېكمەتلەر بار، ئەلۋەتتە! ئەر ـ ئاياللارنىڭ نىكاھ ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىشى، ئائىلە قۇرۇشى ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمەتلەرنىڭ بىرسىدۇر. مانا بۇ نېمەت ئارقىلىق نۇرغۇن يۈكسەك غايە ۋە مەنپەئەتلەر روياپقا چىقىدۇ؛ جۈملىدىن نىكاھ ئارقىلىق ئەر ـ ئاياللار ئۆزلىرىنى پاك ـ ئىپپەتلىك تۇتۇپ، ھارامدىن ساقلىنىدۇ.

[ عَنْ عَلْقَمَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «يَا مَعْشَرَ الشَّبَابِ مَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمُ الْبَاءَةَ فَلْيَتَزَوَّجْ، فَإِنَّهُ أَغَضُّ لِلْبَصَرِ وَأَحْصَنُ لِلْفَرْجِ» (متفق عليه)]

ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : «ئى ياشلار جامائەسى! ئاراڭلاردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولالايدىغانلار ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى هارامغا قاراشتىن ساقلايدۇ؛ ئەۋرەتنى هارامدىن ساقلايدۇ».

ئۇنىڭدىن باشقا، نىكاھ ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدا مېھىر-مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارغا خاتىرجەملىك ۋە روھىي ئازادىلىك بېغىشلايدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن :

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿ئاياللار بىلەن ئۇنسى-ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئۆز تېپىڭلاردىن يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ(قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾ (30-سۈرە/رۇم 21-ئايەت).

ئەر-ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم غايە شۇكى، نىكاھلىنىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى داۋاملاشتۇرغۇچى پەرزەنتلەر دۇنياغا كېلىدۇ. ئەر-ئاياللارنىڭ ئائىلە قۇرۇشىدا بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ياخشىلىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزنى نىكاھلىنىشقا ئەمر قىلغان:

﴿وَأَنكِحُوا الْأَيَامَى مِنكُمْ وَالصَّالِحِينَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَائِكُمْ إِن يَكُونُوا فُقَرَاءَ يُغْنِهِمُ اللَّهُ مِن فَضْلِهِ وَ اللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ ﴾

﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەرلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ، ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ كەرىمى كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ (24-سۈرە/نۇر 32-ئايەت).

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسۇلمانلارنى ئۆيلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى قانداق ئاسراش، ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدىمۇ يېتەرلىك توختالغان:

﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ فَإِنْ كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَى أَنْ تَكْرَهُواْ شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾

﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار؛ ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار، سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللاھ كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾ (4 ـ سۈرە/نىسا 19 ـ ئايەت).

بۇ يەردىكى ﴿ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار، سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللاھ كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ئاللاھ شۇ ئايالدىن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان) سالىھ پەرزەنتلەرنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ» دېگەن.

بۇنىڭغا ئاساسەن بەزى سەلەف ئۆلىمالار: «قايسى بىر ئەر، ئايالىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىپ، ئايالى يامانلىق قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولسا، ئاللاھ ئۇ ئەرنى شۇ ئايالدىن سالىھ پەرزەنتكە ئىگە قىلىدۇ» دېگەن.

[ عَنِ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُوْلَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: « اَلْمَرْأَةُ كَالضِّلَعِ إِنْ أَقَمْتَهَا كَسَرْتَهَا وَإِنْ اسْتَمْتَعْتَ بِهَا اسْتَمْتَعْتَ بِهَا وَفِيْهَا عِوَجٌ، وَفِي رِوَايَةٍ وَكَسْرُهَا طَلَاقُهَا» ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاياللار ئەگرى قوۋۇرغىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ سۇندۇرىۋالىسەن، ئەگرى ھالەتتە پايدىلىنىمەن دېسەڭ، پايدىلىنىۋېرىسەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «قوۋۇرغىنى سۇندۇرۇش دېمەك، خوتۇن كىشىنىڭ تالىقىنى بېرىش دېمەكتۇر» دېگەن. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

دانالاردىن بىرسى: «تويدىن بۇرۇن ئەر كىشى ئىككى كۆزىنى يوغان ئېچىشى كېرەك، تويدىن كېيىن بىر كۆزىنى يۇمۇۋېلىشى كېرەك» دېگەنىكەن.

ھەر ئىككى تەرەپ شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، ئوخشىمىغان ئائىلە، ئوخشىمىغان مۇھىتتا چوڭ بولغان ئىككى كىشىنىڭ بىر ئائىلىدە ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى، مىجەز ـ خاراكتېرىنى قارشى تەرەپكە تاڭماسلىقى لازىم.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن، بىز بىر ئائىلىدىكى ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتىنى پەقەت «كەڭ قورساقلىق» ۋە «ئەپۇچانلىق» بولغاندىلا داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىنلىكىنى، ئەكسىچە بولغاندا بۇ ئائىلىنىڭ كۆڭۈلسىزلىككە، ھەتتا ۋەيرانچىلىققا دۇچار بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

ھەممىگە مەلۇم، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئىناقلىقى ياكى ئىناقسىزلىقىدا ئەر كىشىنىڭ رولى ئەڭ چوڭ بولۇپ، نىكاھنى ساقلاپ قېلىش، قالماسلىق ھوقۇقىمۇ ئەرگە باغلىق بولىدۇ. چۈنكى ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا، يەڭگىللىك قىلىشتىن، بىخەستەلىك قىلىشتىن ئۆمۈمەن ساقلىنالايدۇ.

﴿اَلرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ﴾

﴿ئەرلەر ئاياللارنى باشقۇرغۇچىدۇر﴾ (4 ـ سۈرە/نىسا 43 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىكى «باشقۇرغۇچى» دېگەنلىك ئاياللارغا ھەممە جەھەتتىن ھامىي بولغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئەرلەر ئۆز مەسىئۇلىيەتلىرىنى ھەقىقىي تونۇپ، ئۇنى كامىل ئادا قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

بىر ئايال ئۆز ئېرىگە ئىتائەتسىزلىك قىلغان، ئەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىدە ئىناقسىزلىق كۆرۈلگەن بولسا، ئاللاھ تائالا ئەر بولغۇچىنى مەسىلىنى چىرايلىق ھەل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن :

﴿وَاللاَّتِيْ تَخَافُوْنَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَاهْجُرُوْهُنَّ فِي الْمَضَاجِعِ وَاضْرِبُوْهُنَّ فَإِنْ أَطَعْنَكُمْ فَلاَ تَبْغُواْ عَلَيْهِنَّ سَبِيْلاً إِنَّ اللّٰهَ كَانَ عَلِيًّا كَبِيْرًا﴾

﴿سىلەر ئۆزۈڭلارغا بوي ئەگمەسلىكىدىن ئەنسىرەيدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر﴾ (4 ـ سۈرە/نىسا 34 ـ ئايەت).

ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئۆزئارا كېلىشىش مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋالدا، ئاللاھ تائالا ئائىلە سىرتىدىكىلەرنىڭ ئارىغا چۈشۈپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن :

﴿وَإِنْ خِفْتُمْ شِقَاقَ بَيْنِهِمَا فَابْعَثُواْ حَكَمًا مِّنْ أَهْلِهِ وَحَكَمًا مِّنْ أَهْلِهَا إِن يُرِيْدَا إِصْلاَحًا يُوَفِّقِ اللّٰهُ بَيْنَهُمَا إِنَّ اللّٰهَ كَانَ عَلِيْمًا خَبِيْرًا﴾

﴿ ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسەڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي

كىشىنى ئەۋەتىڭلار؛ ئەگەر بۇ ئىككى كىشى ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنى خالىسا، ئاللاھ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ (4 ـ سۈرە/نىسا 35 ـ ئايەت).

دېمەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ جەمەتىدىكىلەرمۇ ھەر ۋاقىت بۇ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشى كېرەك. ھەرگىز ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولماسلىق لازىم. ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنى نىيىتىگە يارىشا نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَيْسَ مِنَّا مَنْ خَبَّبَ امْرَأَةً عَلَى زَوْجِهَا» (أبو داود) ]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئايالنى ئېرىدىن تەزدۈرگەن كىشى بىزدىن ئەمەس».

جەمئىيىتىمىزدە، قىسمەن ئاتا ـ ئانىلار يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن بالىلىرىنى ئاجرىشىپ كېتىشكە مەجبۇرلايدىغان ئەھۋاللار بار، بۇ ئېغىر گۇناھ بولۇپ، بۇنداق ناھەق ئىشتا، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلمىسا ئاسىي بولغان بولمايدۇ.

ئائىلىدىكى ئىناقسىزلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئىناق ۋە ئىللىق ئائىلە بەرپا قىلىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئامىلى «ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش»تىن ئىبارەت. چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە ئەر ـ ئاياللارغا «ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش»نى ناھايىتى كۆپ تەكىتلىگەن:

﴿حَافِظُواْ عَلَى الصَّلَوَاتِ والصَّلاَةِ الْوُسْطَى وَقُومُواْ لِلّهِ قَانِتِينَ﴾

﴿سىلەر نامازلارغا، بولۇپمۇ ئوتتۇردىكى نامازغا (يەنى ناماز دىگەرگە) ئەھمىيەت بېرىڭلار، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرى (يەنى ناماز)دا ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 238 ـ ئايەت).

﴿وَمَنْ يَّتَّقِ اللهَ يَجْعَلْ لَّهُ مَخْرَجًا﴾

﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ﴾ (65 ـ سۈرە/تالاق 2 ـ ئايەت).

﴿وَمَنْ يَّتَّقِ اللهَ يَجْعَلْ لَّهُ مِنْ أَمْرِهِ يُسْرًا﴾

﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ﴾ (65 ـ سۈرە/تالاق 4 ـ ئايەت).

مانا بۇ ئايەتلەرنىڭ ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقسىزلىق ھەققىدە كەلگەن ھۆكۈملەر بىلەن بىر جايدا كېلىشى، بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئۇقتۇرىدۇكى: ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى ئىناقسىزلىق، كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ يولىدىن يىراقلىشىشىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. تەقۋالىق بار ئائىلىدە ئىناقسىزلىق، كۆڭۈلسىزلىك بولمايدۇ، بولسىمۇ يوق دېيەرلىك بولىدۇ.

دېمەك، ئىسلام دىنىمىز ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە ۋە ساقلاپ قېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى تەكىتلەيدۇ. ھەر قانداق مۇئمىن ـ مۇسۇلمان ئائىلىۋى تۇرمۇشتا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەنە شۇ تەلىملىرى بويىچە ئىش كۆرگىنىدە، ئۇز ئائىلىسىنى چوقۇم ئىناقلىققا ۋە ئىللىقلىققا تولغان ئىسلامىي ئائىلە قىلىپ قۇرۇپ چىقالايدۇ.

ئىسلامدا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى قوغداش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىش ھېسابلانسا؛ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئاجرىشىشى، ئاللاھ ناھايىتى يامان كۆرىدىغان، شەيتان لەنىتى خۇش بولىدىغان ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

[ عَنِ بْنِ عُمَرَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: « أَبْغَضُ الْحَلَالِ إِلَى اللهُ الطَّلَاقُ » (إبن ماجة) ]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھ ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئىش تالاقتۇر».

[ عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِنَّ عَرْشَ إِبْلِيْسَ عَلَى الْبَحْرِ فَيَبْعَثُ سَرَايَاهُ فَيَفْتَنُونَ النَّاسَ، فَأَعْظَمُهُمْ عِنْدَهُ أَعْظَمُهُمْ فِتْنَةً، يَجِيءُ أَحَدُهُمْ فَيَقُوْلُ: فَعَلْتُ كَذَا وَكَذَا، فَيَقُولُ: مَا صَنَعْتَ شَيْئًا، ثُمَّ يَجِيءُ أَحَدُهُمْ فَيَقُولُ: مَا تَرَكْتُهُ حَتَّى فَرَّقْتُ بَيْنَهُ وَبَيْنَ امْرَأَتِهِ فَيُدْنِيْهِ مِنْهُ وَيَلْتَزِمُهُ، وَيَقُوْلُ: نِعْمَ أَنْتَ» (مسلم) ]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىبلىسنىڭ تەختى سۇنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئىبلىس ئىنسانلارنى يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. ئىبلىسنىڭ ئالدىدا مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى ئەڭ چوڭ پىتنە چىقارغۇچىدۇر. لەشكەرلىرىدىن بىرى كېلىپ: ” ئۇنى قىلدىم، بۇنى قىلدىم “ دېسە، ئىبلىس ئۇنىڭغا: ”ھېچقانچە ئىش قىلماپسەن “ دەيدۇ. يەنە بىرسى كېلىپ: ”مەن بىر ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئاجراشتۇرۇۋەتمىگىچە بولدى قىلمىدىم “ دېسە، ئىبلىس ئۇنىڭغا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپ: ”مانا سەن قالتىس ئىش قىلىپسەن “ دەيدۇ» (مۇسلىم).

[ عَنْ ثَوْبَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «أَيُّمَا امْرَأَةٍ سَأَلَتْ زَوْجَهَا الطَّلَاقَ مِنْ غَيْرِ مَا بَأْسٍ فَحَرَامٌ عَلَيْهَا رَائِحَةُ الْجَنَّةِ» (الترمذی) ]

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئېرىدىن سەۋەبسىزلا تالاقنى تەلەپ قىلغان ئايال، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ».

تالاق دېگىنىمىز، ئەرنىڭ ئۆز ئايالىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بىلەن ئايالىدىن ئايرىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشى بولۇپ، ئۇ كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغان چارە ئەمەس. چۈنكى تالاق ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى نىكاھنى يوقىتىپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگىلا ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، يېقىن ـ يورۇقلارنى پەرىشان قىلىدۇ، راھەتنى جاپاغا، مۇھەببەتنى نەپرەتكە ئايلاندۇرىدۇ. تېببىي ئالىملار يەكۈنلەپ چىققان ئاجراشقان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تۈرلۈك روھىي ۋە جىسمانىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى دەل بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاجرىشىش، ئېنىقكى، گۇناھسىز بالىلارنى ئاتا ـ ئانا مېھرىدىن ئايرىپ تىرىك يېتىمگە ئايلاندۇرىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئائىلە تەربىيەسىدىن مەھرۇم قالغاچقا، ئاسانلا جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ ـ دە، نەتىجىدە كىشىلەرگە زىيان سالىدىغان، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز ئادەم بولۇپ چىقىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا جىنايەت يولىغا كىرىپ قالىدۇ. تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدا ئېيتىلىشىچە، ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنىڭ 70% نى ئاجرىشىپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى تەشكىل قىلغان. قىسقىسى، ئەر ـ ئاياللار ئاجراشسا، بۇنىڭ دەردىنى ئۇ ئىككىسىلا ئەمەس، بەلكى، نۇرغۇن

كىشىلەر، ھەتتا پۈتۈن جەمئىيەت تارتىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئەر-ئايال بۇ ئىشتا ناھايىتى سالماق بولۇشى، قىلچە يەڭگىللىك قىلماسلىقى كېرەك.

بەزى كىشىلەر باركى، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە ماجىرالار يۈز بەرسىلا ئايالىغا: سەن تالاق، ئاناڭنىڭ ئۆيىگە كەت، كۆزۈمدىن يوقال... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەر بولغۇچى ئايالىغا، تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىپ شۇنداق سۆزلەرنى دېگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرى تالاققا بېرىپ قالىدۇ. ئەمما، ئەر كىشى چاقچاق يوسۇنىدا ۋە ياكى ئايالىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى دېگەن بولسا، بۇنىڭغا ئەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نىيىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەر تالاقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىن ئېغىزىنى قويۇۋېتىپ، ئاياللىرىنى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىدۇ. كەينىدىن پۇشايمان قىلىپ ئايالىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۆلىمالار ئالدىدا ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ يالغانچىلىق بىلەن يول تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە ياكى ئۈچ تالاقتىن كېيىن ھىيلە بىلەن ئايالىنى باشقىلارغا ۋاقىتلىق نىكاھلاپ ئاندىن ئاجراشتۇرۇپ قايتا نىكاھلاپ ئالىدۇ. ئېنىقكى، بۇنداق قىلغانلار ئىنتايىن ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.

[عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَعَنَ المُحَلِّلَ وَالْمُحَلَّلَ لَهُ ]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۈچ تالاق قىلىنغان خوتۇننى) ھالاللاپ بەرگۈچىگە ۋە ھالاللاتقۇچىغا لەنەت ئوقۇغان. (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

بۇنداق ئەھۋالدا، ئەر كىشىنىڭ دېگىنى ھەقىقەتەن ئۈچ تالاققا يېتىپ قالغان بولسا، بۇ ئۈچ تالاقتىن كېيىن، ئايالى ئەرنىڭ نىكاھىدىن مەڭگۈلۈك چىقىپ كېتىدۇ. ئەر ئايالىنى يېڭىدىن نىكاھ قىلىش ئارقىلىقمۇ قايتۇرۇۋالالمايدۇ. پەقەت بۇ ئايال باشقا بىر ئەرگە ئۆمۈرلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ، كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ ئەردىن ئاجراشقان بولسا، ئۇنىڭ ئاۋۋالقى ئېرى ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئاندىن يېڭىدىن نىكاھ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئۇزىگە قايتۇرۇۋالالايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿ فَإِن طَلَّقَهَا فَلاَ تَحِلُّ لَهُ مِن بَعْدُ حَتَّىَ تَنكِحَ زَوْجًا غَيْرَهُ فَإِن طَلَّقَهَا فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْهِمَا

أَن يَتَرَاجَعَا إِن ظَنَّا أَن يُقِيمَا حُدُوْدَ اللهِ وَتِلْكَ حُدُوْدُ اللهِ يُبَيِّنُهَا لِقَوْمٍ يَّعْلَمُوْنَ﴾

﴿ئەگەر ئەرخوتۇننى (ئۈچىنچى قېتىم) يەنە تالاق قىلسا، ئۇ خوتۇن باشقا ئەرگە تەگمىگۈچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ، كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن (ئۇ ئايال ئىددىتىنى توشقۇزۇپ)، بۇرۇنقى ئەر بىلەن ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رئايە قىلالايدىغانلىقىنى ئويلاپ قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، ئاللاھ ئۇنى چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 230 ـ ئايەت).

شەرئەتتە ئېرىدىن ئاجراشقان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى ۋاجىب دەپ بەلگىلەنگەن. ئىددەت دېگىنىمىز: ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ياكى ئېرى قازا قىلىپ كەتكەن ئايالنىڭ قايتا نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى ساقلايدىغان مۇددەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىددىتى توشمىغان ئايالنىڭ ئەرگە تېگىشى جائىز بولمايدۇ. ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال ۋە ئېرى ئۆلگەن ئايالنىڭ ئىددەت مۇددىتى ھەققىدە ئاللاھ تائالا ئايرىم ـ ئايرىم، ئالاھىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَالْمُطَلَّقَاتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ ثَلاَثَةَ قُرُوْءٍ وَلاَ يَحِلُّ لَهُنَّ أَن يَكْتُمْنَ مَا خَلَقَ اللّهُ فِيْ أَرْحَامِهِنَّ إِنْ كُنَّ يُؤْمِنَّ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ﴾

﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، بالياتقۇسىدىكى ئاللاھ ياراتقان نەرسە (يەنى بالا ياكى ھەيز)نى يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 228 ـ ئايەت).

﴿وَالَّذِيْنَ يُتَوَفَّوْنَ مِنكُمْ وَيَذَرُوْنَ أَزْوَاجًا يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا فَعَلْنَ فِي أَنفُسِهِنَّ بِالْمَعْرُوْفِ وَاللهُ بِمَا تَعْمَلُوْنَ خَبِيْرٌ﴾

﴿ ئاراڭلاردا ئېرى ۋاپات بولۇپ كېتىپ تۇل قالغان خوتۇنلار بولسا، ئۇلار تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم. ئۇ ئاياللار ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارغا ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 234 ـ ئايەت)

ئاخىرىدا يەنە دەيدىغىنىمىز: تالاقنى ئويۇننىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، ئەرزىمەس سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ ئايالىنى تالاق قىلىشقا ئالدىرايدىغانلار، تەكرار ئۆيلىنىش، ھە دېسىلا تالاق قىلىشنى ئادەت قىلىۋالغانلار ئاللاھ تائالانىڭ

تۆۋەندىكى خىتابىنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇرۇشلىرى كېرەك:

﴿وَعَاشِرُوْهُنَّ بِالْمَعْرُوْفِ فَإِن كَرِهْتُمُوْهُنَّ فَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللّهُ فِيْهِ خَيْرًا كَثِيْرًا﴾

﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار؛ ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار، سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللاھ كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾ (4 ـ سۈرە/نىسا 19 ـ ئايەت)

﴿وَإِن طَلَّقْتُمُوهُنَّ مِن قَبْلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ وَقَدْ فَرَضْتُمْ لَهُنَّ فَرِيضَةً فَنِصْفُ مَا فَرَضْتُمْ إَلاَّ أَن يَعْفُوْنَ أَوْ يَعْفُوَ الَّذِيْ بِيَدِهِ عُقْدَةُ النِّكَاحِ وَأَن تَعْفُواْ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَلاَ تَنسَوُاْ الْفَضْلَ بَيْنَكُمْ إِنَّ اللّهَ بِمَا تَعْمَلُوْنَ بَصِيْرٌ﴾

﴿ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار، ئەمما ئاياللار ئۆزگە تېگىشلىكنى ئەرگە ئۆتۈنسە ياكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئەرلەر ئۆزگە تېگىشلىكنى خوتۇنغا ئۆتۈنسە (يەنى تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بەرسە)، شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. سىلەرنىڭ ئۆتۈنگىنىڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 237 ـ ئايەت).

﴿رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

﴿ئى رەببىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾

﴿رَبَّنَا إِنَّكَ مَن تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ﴾

﴿ئى رەببىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزسەڭ، سەن ئۇنى ئەلۋەتتە رەسۋا قىلغان بولىسەن، ئۆزگە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ﴾

﴿رَّبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِيْ لِلإِيمَانِ أَنْ آمِنُواْ بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا﴾

﴿ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ ‹پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار› دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىمان ئېيتتۇق﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 191~193 ـ ئايەتلەر) ئامىين!

# ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى[3]

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِى بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ، الَّذِى هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِى لَوْلَا أَنْ هَدَانَا اللّٰهُ وَصَلَوَاتُ اللّٰهِ وَتَسْلِيْمَاتُهُ عَلَى رَحْمَتِهِ الْمُهْدَاةِ لِلْعَالَمِيْنَ سَيِّدِنَا وَإِمَامِنَا وَأُسْوَتِنَا وَحَبِيْبِنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ وِمَنِ اتَّبَعَهُمْ بِإِحْسَانٍ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ

أَمَّا بَعْدُ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿اُدْعُ إِلِى سَبِيْلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِيْ هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ عَنْ سَبِيْلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِيْنَ﴾

## ۋائىزلارنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى

2. ۋەز سۆزلىگۈچىدە ئەخلاق ـ پەزىلەت بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەسلى مەقسىتىمۇ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ إِنَّمَا بُعِثْتُ لِأُتَمِّمَ مَكَارِمَ الْأَخْلَاَقِ ]

**«مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا (پەيغەمبەر قىلىنىپ) ئەۋەتىلدىم».**

چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى، ئەھكاملىرى ۋە ئەخلاق مىزانلىرى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەچكە، ئىسلام دىنىمىزدا ئەخلاق ئالاھىدە ئورۇن ئالغان؛ شۇڭا ۋائىزلارغا ئەخلاق ئىنتايىن مۇھىم. ۋائىزلار ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى، ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇكەممەل ئىدىيەسى بىلەن قوراللىنىشى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ـ ھېسسىياتلىرىنى توغرا يۆنىلىشتە يۇكسەلدۈرۈشى كېرەك؛ شۇندىلا مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ جۇشقۇن، ھېسسىياتلىق ۋەز ـ نەسىھەتلىرى بىلەن قايىل قىلالايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن توغرا يولغا مېڭىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يامان ئىشلاردىن

③ بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

ياندىغان، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مۇسۇلمانلاردىن بولۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرالايدۇ.

ۋائىزلار ۋەز سۆزلەپ باشقىلارنى ئىسلام دىنى ئەخلاقى بىلەن قوراللىنىشقا ئۈندەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىسلام دىنى ئەخلاقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشى، شۇنداقلا تۇرمۇشىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈشى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك. بىزگە مەلۇمكى، ئەخلاقى ناچار كىشى باشقىلارغا «ئەخلاقىڭلارنى ياخشىلاڭلار» دېسە ئۇنىڭ ئۈنۈمى جەزمەن ياخشى بولمايدۇ. يەنى ئەخلاقسىز كىشى ئەخلاق ھەققىدە گەپ ئاچسا، ياخشى ئىش قىلمايدىغان كىشى باشقىلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ گەپ ساتسا، ۋەز ئاڭلىغۇچىلاردا جەزمەن بىزارلىق پەيدا بولۇپ، ئۇ ۋەزنىڭ قىلچە ئىجابىي ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا ۋائىزلار ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىدە بىر توغرا ئىسلامىي كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇشى، ئالىيجاناب ئەخلاقىي ـ پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشى، ئۆزىگە ھەر ۋاقىت قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىن تولۇق يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. ۋائىزلار ئەخلاق جەھەتتىن تۆۋەندىكى ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

1) ئىتتىپاقلىققا دىققەت قىلىشى كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىتتىپاقلىق ئىسلام دىنىمىز 1400 يىلدىن بېرى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنە. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە:

﴿وَاعْتَصِمُواْ بِحَبْلِ اللهِ جَمِيْعًا وَلاَ تَفَرَّقُواْ﴾

﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار، ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)﴾ **(3 ـ** سۈرە/ئال ئىمران **103** ـ ئايەت**)** دېگەن.

دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇ يەردە بىزگە ھەممىمىزنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشىنى، ئۆزئارا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ ئايرىلماسلىقنى بۇيرۇق قىلىپ ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مەجبۇرىيەت، بولۇپمۇ دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئۆلىمالارغا، ۋائىزلارغا بۇ ئىنتايىن مۇھىم. ۋائىزلار ئاۋۋال ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشى ھەم بارلىق جامائەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى، زىددىيەتكە سەۋەب بولىدىغان بارلىق گەپ ـ سۆزلەردىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار ئۆزئارا پىكىر بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جامائەت ئارىسىدا ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ ھەم كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىق شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

2) كەمتەر بولۇش كېرەك. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

[ وَإِنَّ اللهَ أَوْحَى إِلَيَّ أَنْ تَوَاضَعُوْا حَتَّى لَا يَفْخَرَ أَحَدٌ عَلَى أَحَدٍ وَلَا يَبْغِ أَحَدٌ عَلَى أَحَدٍ ]

«ئاللاھ تائالا سىلەرنى بىرى يەنە بىرىگە تەكەببۇرلۇق قىلمىسۇن، بىرى يەنە بىرىگە زومىگەرلىك

قىلمىسۇن، دېمەكلىك بىلەن [ كەمتەر بولۇڭلار ] دەپ ۋەھيي قىلدى» (مۇسلىم: **2865**).

پەيغەمبىرىمىز يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

[ وما تواضع أحد الله إلا رفعه الله ]

«بىر كىشى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كەمتەرلىك قىلىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ».

دېمەك، كەمتەر بولۇش ئادەمگە نىسبەتەن گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر، ئىلگىرىلەش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ كاپالىتىدۇر. قەدىمدىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز: «كەمتەرلىك ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق ئادەمنى چېكىندۈرىدۇ» دەپ ئېيتىپ كەلگەن. شۇڭا ۋائىزلار كەمتەر بولۇشى، ئازراقلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىشى، بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئىرادىسى بىلەن بولۇشىغا ئىشىنىشى، قېيىنچىلىقتا يولۇققاندا ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى كېرەك، ئۆزىنىڭ پەقەت دىنىنى توغرا يەتكۈزۈپ قويۇشىلا مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى، سۆزلىگەن ۋەزىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تىلىدا مۇنداق دېگەن:

﴿إِنْ أُرِيْدُ إِلاَّ الْإِصْلاَحَ مَا اسْتَطَعْتُ وَمَا تَوْفِيْقِيْ إِلاَّ بِاللهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيْبُ﴾

﴿مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنى خالايمەن، مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن ﴾ (**11** ـ سۈرە/ھۇد **88** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

دېمەك، بىز ھەربىر ئىشىمىزنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاياغلىشىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، غەلىبىدىمۇ، مەغلۇبىيەتتىمۇ ئۆزىمىزنى تۆۋەن، كەمتەر تۇتۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ئۆلىمالار جامائەت ئارىسىدا ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا، مۇناسىۋەتلەردە، بېرىش ـ كېلىشلەردە ئۆزئارا چۈشىنىپ، كەمتەرلىك بىلەن ئىناق ئۆتۈنۈپ، كەمتەرلىك بىلەن ئىش قىلغىنىمىزدىلا، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايمىز. ئەكسىچە، تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، ئۆكتەملىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا مەسىلىلەرنى ئوڭايلا مۇرەككەپلەشتۈرۈۋالىمىز.

3) ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇش كېرەك. ئىخلاسمەن بولۇش دېگىنىمىزدە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېتىقاد ساپ بولۇش، بارلىق ئىبادەتلەرنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا سەمىمىي، سادىق بولۇش، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا مەسئۇلىيەت روھى ھەم

سەممىيلىك بولۇش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىسلام دىنىمىزدا ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىلغان ئەمەللىرىمىز ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿فَمَنْ كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾

﴿كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾ (18 ـ سۈرە/كەھف 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

شۇڭا بىز ساپ نىيەت، ئالىيجاناب روھ بىلەن ئىش قىلىشىمىز، دىنىي ئىشلاردا ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى، رەھمىتىنى، بېرىدىغان ئەجرى ساۋابىنى ئويلىشىمىز، دىنىي مەجبۇرىيەتنى ھەرگىز قۇرۇق شۆھرەت ۋە ئابرۇي تەمەسىغا دەسمىي قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدىمۇ ئىخلاسمەن بولۇپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى ئېنىق ئايرىپ، ھەق ـ ناھەق ۋە يوللۇق ـ يولسىزلىق ئالدىدا توغرا مەۋقەدە تۇرۇشىمىز، باشقىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىپ، ھەسەتخورلۇقنى تۈگىتىپ، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان، خەقنىڭ ئۈستىدىن بولمىغۇر گەپلەرنى جامائەتكە تارقىتىدىغان يارىماس ئىشلارنى قەتئىي تاشلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋائىزلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تەقۋادارلىقىنى تىكلەپ ئاللاھ تائالانى رازى قىلالايدۇ، ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتىمۇ ئۆسىدۇ، جامائەت قارشى ئالىدىغان، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋائىزلاردىن بولۇپ چىقىدۇ ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿ إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ﴾

﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)﴾ (49 ـ سۈرە/ھۇجۇرات 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دېگەن ئۆلچىمىگە چۈشىدۇ.

4) جۈرئەتلىك بولۇش كېرەك. ۋائىزلار جۈرئەتلىك، شىجائەتلىك بولۇشى، ھەرقانداق ۋاقىت ۋە شارائىتتا ئۆزلىرىنى سالماق تۇتۇپ، ۋەز سۆزلەش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىشى كېرەك. ئەگەر مۇنبەرگە چىققاندا ھودۇقۇپ، تەمترەپ، جامائەتكە ئۇدۇل قارىيالماي، گېپىنى ئوڭشاپ قىلالماي يۈرسە ۋائىزلىقنىڭ ئەقەللىي تەلىپىدىنمۇ چىقالمايدۇ، ئۇنى قاملاشتۇرالمايدۇ ھەم جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا ۋائىز ئىرادىلىك، قەيسەر، تەمكىن بولۇشى، نۇتۇق ۋەزىپىسىنى جانلىق ئورۇنلىشى، جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق بىر يامان ئىشنى كۆرگەندىمۇ باشلامچىلىق بىلەن تۈزىتىش بېرىپ ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

[ مَنْ رَأَى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيِّرْهُ بِيَدِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْطَعْ فَبِقَلْبِهِ أَضْعَفُ الْإِيْمَانِ ]

«سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى ھەرىكەتتى ئۆزگەرتسۇن، مۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا دىلىدا نارازى بولسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر».

5) سەۋر-تاقەتلىك بولۇش كېرەك. ۋائىزلار ۋەز سۆزلەشنى ئۆگىنىش ياكى جامائەتكە ۋەز سۆزلەش داۋامىدا بەزى تاسادىپىي قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇشى ياكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەر خىل كۆتۈلمىگەن سوئاللىرىغا دۇچ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ سۆزلىگەن ۋەزى جامائەتنى رازى قىلالماي، بەزىلىرىنى ھەتتا نارازى قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن، مەيلى قايسى ئەھۋالدا بولسۇن، ۋائىز مەلۇم دەرىجىدە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ بەك تەڭلىكتە قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ۋائىز بۇنداق ئەھۋالدا سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ، كۆرۈلگەن ياكى يولۇققان مەسىلىلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن تەھلىل-تەتقىق قىلىشى ھەمدە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىشى، سەۋرچانلىق بىلەن جامائەتنى قايىل قىلىشى، ھەرگىز ئالدىراپ-تېنەپلا ئىپادە بىلدۈرمەسلىكى، ئاچچىقلانماسلىقى كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى «لۇقمان سۈرىسى»دە لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆز ئوغلىنى ھەقىقەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوْفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَٰلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُوْرِ﴾

﴿ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر﴾ (**31** - سۈرە/لۇقمان **17** - ئايەت).

دېمەك، ۋائىزلار ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئۈستىدە سەۋر-تاقەتلىك بولۇشى، مەسىلىلەرنى ئېغىر-بېسىقلىق، سالماقلىق بىلەن ھەل قىلىشى، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلەپ ساۋابلىرىنى ئېلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى زۇمەر سۈرىسى 39-10- ئايىتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُوْنَ أَجْرَهُمْ بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾

﴿پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ﴾ (**39** - سۈرە/زۇمەر **10** - ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

شۇڭا ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق جايدا ھەرقانداق قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ناھايىتى

ساﻻماقلىق بىلەن ئەتراپلىق ئويلاپ، مەسىلىلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك: شۇنداق قىلغاندىلا ئاللاھ تائاﻻ ئىشلىرىمىزدىن رازى بولىدۇ، ئاللاھ تائاﻻ مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ اللّٰهَ مَعَ الصَّابِرِيْنَ﴾

﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە **153** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).
ئاللاھ تائاﻻ ھەقىقەتەن راست ئېيتىدۇ.

6) يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشى كېرەك. ۋائىزلار گەپ ـ سۆزلەدە يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشى، تەلەپپۇزى سىلىق، پوزىتسىيەسى ئىللىق بولۇشى، تىلى ھەرقانداق شارائىتتا گۈزەل بولۇشى كېرەك؛ چۈنكى سۆزدە يۇمشاق ـ مۇلايىم بولۇش ۋائىزلارنى جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىسىگە ئېرىشتۈرىدۇ، شۇنداقلا بۇنداق بولغاندا، ۋائىزلار بىلەن جامائەت ئوتتۇرىسىدا سەمىمىي كەيپىيات بارلىققا كېلىپ، سۆزلەنگەن ۋەزنىڭ جامائەتكە قالدۇرىدىغان تەسىرى، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، شۇڭا ۋائىز ئۆزىنىڭ ۋەزىنىڭ جامائەت ئارىسىدا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشىنى ئويلايدىكەن، گەپ ـ سۆزدە، مۇئامىلىدە يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشقا ئاﻻھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائاﻻ «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبىرىمىزگە گەپ ـ سۆز، مۇئامىلىدە يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ:

﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّٰهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيْظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ﴾

﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران **159** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دېگەن.
دېمەك گەپ ـ سۆزدە، مۇئامىلىدە يۇمشاق مۇلايىم بولۇش ۋائىزلارغا قويۇلىدىغان مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىزنىڭ كونىلاردىن قالغان: «ياخشى گەپ جاننىڭ تىرىكى، يامان گەپ جاننىڭ ئېكىكى» دېگەن سۆز بار. شۇنداقلا: «ياخشى گەپ تاشنى يارار، يامان گەپ باشنى» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىمىزمۇ بار، شۇنىڭدەك ئەرەبلەرنىڭ:

[ ليكن أمرك بالمعروف و نهيك عن المنكر غير منكر ]

«سېنىڭ (باشقىلارنى) ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇشۇڭ ناھايىتى ياخشى ئۇسلۇبتا بولۇشى، يامان ئىشلاردىن توسۇشۇڭ ھەرگىز يامان ئۇسلۇبتا بولماسلىقى كېرەك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى بار.
شۇڭا ۋائىز جامائەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا، ۋەز سۆزلىگەندە ناھايىتى سىلىق، يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشى، گەپ قىلغاندا ئاۋازى بىر خىل يېقىملىق چىقىشى، ئادەم تىللايدىغان، بىراۋنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان قوپال گەپ ـ سۆزلەردىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەم سۆزلىگەندە ئاۋازىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى، سۆزىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقى، نەپەسىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى شۇ ئادەمنىڭ مەلۇم كەيپىيات ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن، يېقىشلىق تۇيۇلىدۇ.

شۇڭا ۋائىزلار مەيلى ئادەتتىكى مۇئامىلىدە بولسۇن ياكى جامائەتكە ۋەز سۆزلىگەندە بولسۇن، چوقۇم مۇلايىم، يۇمشاق بولۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

3. مول دىنىي ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى كېرەك. ھەر خىل دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇش ۋائىزلاردا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. شۇڭا ۋەز سۆزلىمەكچى بولغان ۋائىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى توغرىلىشى، ئەقىدىسىگە ئائىت بارلىق كۆز قاراشلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرئان، ھەدىسنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئەھكاملارغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ـ ھەدىسلەرنى يادلىۋېلىشى كېرەك. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاخىرقى ۋىدالىشىش ھەجىدە سۆزلىگەن مەشھۇر نۇتقى (ۋەز ـ تەبلىغى)دا بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن:

[ تَرَكْتُ فِيْكُمْ أَمْرَيْنِ لَنْ تَضِلُّوْا أَبَدًا مَا إِنْ تَمَسَّكْتُمْ بِهِمَا كَتَابُ اللهِ وَ سُنَّتِيْ ]

«مەن سىلەرگە ئىككى (ئەڭگۈشتەر)نى قالدۇرۇپ كەتتىم. ئەگەر سىلەر بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتىدىغانلا بولساڭلار ھەرگىز (يولدىن) ئازمايسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىم».

دېمەك، «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس شەرىف» بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى، ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋائىزلار تەپسىر، ھەدىسلەرنىڭ شەرھىي مەنىلىرىنى، ئىسلام تارىخى، ئىسلام مەدەنىيىتى، پىقھى، ھەدىس، تەپسىرلەرنىڭ پىرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى ياخشى ئىگىلىشى، ئىسلام ئەخلاقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىسلام دىنى مەزھەبلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىدىغان ھەرخىل ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇشى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك. مەسىلەن: جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلىملىرىنى بىلمىسە، جەمئىيەتتىكى ئىشلارنى تەھلىل قىلالمايدىغان، پسىخولوگىيە ئىلمىنى بىلمىسە جامائەت بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيدىغان، ئېقىم مەسىلىلىرىنى بىلمىسە جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدىغان، ئاسترونومىيە ئىلمىنى بىلمىسە شۇنىڭغا ئائىت مەسىلىلەرنى خاتا چۈشەندۈرىدىغان، جۇغراپىيەنى بىلمىسە ئۆزى تۇرغان مۇھىتنىڭ ئورنى ۋە ئەۋزەللىكىنىمۇ ئاڭقىرالمايدىغان، يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز قالسا بۇ دۇنيادا قانداق ياشاشنى ئۇقالمايدىغان، قانۇن ـ سىياسەتلەرنى بىلمىسە ئۆزىنى قوغداشنى بىلەلمەي، ئۆز ـ ئۆزىنى ئوڭايلا ھالاكەت يولىغا سېلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشى مۇمكىن. شۇڭا ماھارەتلىك ۋائىزلاردىن بولۇش ئۈچۈن دىنىي بىلىملەردىن باشقا يەنە ھەر ساھە بىلىملىرىدىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئورۇق ئېلىشىمىز، ئۇچۇرلارغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن، رادىيو ـ تېلېۋىزورلاردىن پايدىلىنىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋائىزلار ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بويىچە ۋەز سۆزلەپ، شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنى قايىل قىلالايدىغان ھەمدە

شۇ جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار ئالدىدا جاۋابكارلىقتا تارتىلىش ئىشلىرىدىن ساقلىنالايدىغان بىر شەرت-شارائىتنى ھازىرلىيالايدۇ. يەنە كېلىپ، ۋائىزلارنىڭ دىني ۋە پەنني مەلۇماتلىرى قانچە كۆپ، سەۋىيەسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇلار سۆزلىگەن ۋەز-تەبلىغلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇنچە مول، سۈپىتى يۇقىرى، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، جەلپكارلىقى يۇقىرى بولىدۇ، ساپاسى يۇقىرى ۋائىزلار ۋەز سۆزلەۋاتقاندا مۇبادا بەزى كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللار كۆرۈلسىمۇ ئۇنى دەرھال ئوڭشاپ، جامائەتنىڭ دىققەت-ئېتىبارى ۋە پىكىر بىرلىكىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋەزنىڭ ئۇنۇمىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

4. ۋائىزلار تەپەككۇرى تېز، سەزگۈر بولۇشى كېرەك. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان تەپەككۇر قابىلىيىتى ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئىشلارنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ۋائىزلار ۋەز سۆزلىگەندە جامائەتنى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى، پىكرى ۋە دەلىللىرى بىلەن قايىل قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى، ۋەزنىڭ قاراتمىلىقى ۋە تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ۋەزدىكى كۈچلۈك قاراتمىلىق ۋە دەۋر تۈيغۇسى مۇسۇلمانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ئەھۋالى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتلىرىنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىش داۋامىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ھادىسە ۋە مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، ئاندىن ھۆكۈم قىلىشتەك بۇنداق تەپەككۇر قابىلىيىتى جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئوبيېكتىپ مەسىلىلەرنىڭ زىددىيەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

دېمەك، ۋائىزلارنىڭ تەپەككۇرى تېز، مەسىلىلەرگە بولغان سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بولغاندا، سۆزلىمەكچى بولغان ۋەزنىڭ مەزمۇنىنى ھەرقانداق شارائىتتا ئۇيغۇنلاشتۇرالايدۇ ھەم ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەرتىپكە سالالايدۇ. مەسىلەن، ۋەز سۆزلەش ياكى ۋەز ئاڭلاش ۋاقتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ياكى ۋەز ئاڭلىغۇچى جامائەت كەيپىياتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى بىلەن، ۋەزنىڭ مەزمۇنىنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىشقا ياكى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا تەپەككۇرى تېز، سەزگۈر ۋائىزلار يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار ھەر قانداق مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى دەرھال سېزىۋېلىپ، ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

5. ۋائىزلارنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارى، نۇتۇق ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ياخشى بولۇشى كېرەك. جامائەتنى قايىل قىلالىغۇدەك ۋەز سۆزلەش يېزىقچىلىق ھەم نۇتۇق ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالىي سەنئەتتۇر. شۇڭا تىل سەنئىتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ۋەز سۆزلەشكە تەدبىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ۋەز سۆزلىمەكچى بولغان ۋائىزلار ئالدى بىلەن تىلغا (ئانا تىلى ۋە ئەرەب تىلى) پۇختا بولۇشى

شۇ تىلنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى، ئىلمى بەلاغەت (ئىستىلىستىكا) ۋاسىتىلىرىنى، مەنتىقە (لوگىكا)لىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگەنگەن بولۇشى كېرەك. ۋائىزلار شۇ تىلنىڭ گىراماتىكىسىنى ئۇقسا تىلى قائىدىگە چۈشىدۇ، ھەر خىل سۆز ۋە جۈملە شەكىللىرىنى بىمالال، راۋان ئىشلىتەلەيدۇ. ئەگەر ئىلمى بەلاغەتنى بىلسە تىل ئوبرازلىق، جانلىق، تەسىرلىك بولىدۇ، ئەگەر مەنتىقىدىن خەۋىرى بولسا تىلى توغرا، قايىل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا تىل قائىدىلىرىنى ياخشى ئىگىلەش تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى.

6. ۋائىزلارنىڭ قىياپىتى دۇرۇس بولۇشى كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم، ۋائىزلارنىڭ تەقىي ـ تۇرقى، قىياپىتى جامائەتنىڭ كۆزىگە ئەڭ بۇرۇن چېلىقىدۇ، دىققىتىنى تارتىدۇ، جامائەت ئۇنىڭغا كۆڭلىدە باھا بېرىدۇ. ۋەز سۆزلەش ئۈچۈن مۇنبەرگە، سەھنىگە چىققاندا ياكى جامائەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە تەقىي ـ تۇرقى، قىياپىتىنى رۇسلاش ۋائىزلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇھىم ئىشى. ۋائىزلارنىڭ ئۆزىگە لايىق، دۇرۇس قىياپىتى جامائەتنى جەلپ قىلىدۇ، ئۇلارغا پاكلىق، گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا تەجرىبىلىك ۋائىزلار ئۆزىنىڭ تەقىي ـ تۇرقى، قىياپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىز دەۋاتقان بۇ تەقىي ـ تۇرقى، قىياپەت دېگەنلەر ۋائىزلارنىڭ چىراي ـ تۇرقى، پوزىتسىيەسى، ھەرىكىتى، كىيىنىشى قاتارلىقلارنىڭ جامائەتكە قالدۇرىدىغان ئومۇمىي تەسىراتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ۋائىزلارنىڭ دىنىي زاتلارغا خاس مۇۋاپىق كىيىنىشى، قەددى ـ قىياپىتىنى راۋۇرۇس تۇتۇشى، ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن بولۇشى، چىرايى ئوچۇق، تەبىئىي بولۇشى، جامائەتكە كەمتەر، سەممىي، قىزغىن پوزىتسىيەدە ۋەز سۆزلىشى، تارتىنىپ، جىددىيلىشىپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ يۈرمەسلىكى ياكى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ گىدىيىپ تۇرماسلىقى، ۋەزنى خۇشياقىدەك سۆزلىشى... قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ۋەزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## ۋەز سۆزلەشنىڭ ئالاھىدىلىكى

ۋەزنىڭ دىنىي جەھەتتىلا ئىجابىي رولى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەم ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدا ئىجابىي رول ئوينايدىغان تەلىم ـ تەربىيە تۈسىدىكى نۇتۇق شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار:

1. ۋەز سۆزلەش ئاممىۋىلىقى بار ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيەۋى پىكىرلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش جەريانىدۇ، شۇڭا ۋائىزلار جامائەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى، دىنىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلار

قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە ۋەز سۆزلىشى كېرەك.

2. ۋەز سۆزلەش مەقسەتچانلىقى بار، نىشانى ئېنىق تەربىيە شەكلىدۇر. شۇڭا، ۋائىزلار ۋەز سۆزلىگەندە باشتىن ـ ئاخىر بەلگىلەنگەن تېما مەزمۇنىنى يورۇتۇشى، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەز تەييارلىغاندا، تېمىنى بارلىق كۈچى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ، تېمىنىڭ مەقسىتىنى، نىشانىنى ئوچۇق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

3. ۋەز كۈچلۈك جەلپ قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بىر سەنئەت. شۇڭا ۋائىزلار ۋەز سۆزلىگەندە مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم بىر تەشەببۇسى ياكى پەلسەپۋى نەزەرىيەسىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، قۇرئان، ھەدىسلەردىن ياكى رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان دەلىل ـ پاكىت ياكى مىساللار بىلەن جامائەتنى تەسىرلەندۈرۈشكە، روھلاندۇرۇشقا، ئۇلارنى قايىل قىلىپ، شۇ كۆز قاراش ياكى تەشەببۇسنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## ۋەزنى قانداق تەييارلاش كېرەك؟

ھەممىمىزگە مەلۇم، ۋەزنى ياخشى سۆزلەيمەن دەپ ئىرادە قىلغان ۋائىز ئالدى بىلەن سۆزلەشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. شۇڭا بەزي ئۆلىمالار: ۋەزنىڭ تېمىسىنى ياخشى تاللاش ۋەز سۆزلەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئالامىتىدۇر، دېگەن؛ يەنە بەزى ئۆلىمالار ھەر جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەزنى چوقۇم بىر ھەپتە تەييارلاش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ۋەزنىڭ ئۈنۈمى، نەتىجىسى، جامائەتكە قالدۇرىدىغان تەسىرى ياخشى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر: ۋەز تەييارلىغاندا جامائەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتى دائىرىسىدە مەسىلىلەرنىڭ كىچىكىدىن، ئاسىنىدىن باشلاپ پەيدىنپەي مۈكەممەللەشتۈرۈش پرىنسىپى ئاساسىدا تەييارلاش كېرەك، دەپ قارىشىدۇ. دېمەك، ۋائىزلارنىڭ ۋەز تەييارلاش باسقۇچى ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا ئۇلار ۋەزنى تەييارلاش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

1. ۋەزگە مۇۋاپىق تېما تاللاش كېرەك. ۋەز سۆزلەشتە مۇقىم ئۆلچەملىك قېلىپ بولمىسىمۇ، لېكىن ۋەزنىڭ تېمىسىنى تاللاشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە پرىنسىپلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1) ۋەزنىڭ تېمىسى جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، مەسىلىلەرنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

2) ۋەزنىڭ تېمىسى جامائەتنىڭ ھېسسىياتىغا تەگمەيدىغان، ئۇلار قىزىقىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بولۇشى، ھەرگىز ئىتتىپاقسىزلىققا سەۋەبچى بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بولماسلىقى

كېرەك. يەنى ۋەزنىڭ تېمىسى جامائەت ئىچىدە زىددىيەت، تەپرىقچىلىك پەيدا قىلىدىغان مەسىلىلەر ياكى دىيارىمىزدا ئومۇملاشمىغان باشقا مەزھەپ كۆز قاراشلىرىنى تەرغىپ قىلىش ئۈستىدە بولماسلىقى، بەلكى مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئۈندەيدىغان تېمىلاردا بولۇشى كېرەك.

3) ۋەزنىڭ تېمىسى جامائەتكە يېڭى بىلىم، يېڭى مەلۇمات بېرىدىغان مەزمۇندا بولۇشى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىلىم، ئۇچۇر تەشنالىقىنى قاندۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ۋەزنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ئاشىدۇ، جامائەتمۇ رازى بولىدۇ.

4) ۋەزنىڭ تېمىسى ۋەز سۆزلىمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيەسىگە مۇۋاپىق بولۇشى، ئۆزى تاللىغان تېمىسىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ۋەزنى سۆزلەشنى باشلاپ قويۇپ، جامائەت ئالدىدا ھودۇقۇپ قالىدىغان، مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن يېشىپ بېرەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ۋەز مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

5) ۋەزنىڭ تېمىسى مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا، دىنىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ھەم ئۇلارنىڭ چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋائىزلارنىڭ سۆزلىگەن ۋەزلىرى جامائەتنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۈنۈملۈك، مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋەز بولۇپ چىقىدۇ.

2. تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال توپلاش كېرەك. ۋەز سۆزلەش ئۈچۈن تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاش ھەم ئۇ ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدىن ئىلغارلىرىنى تاللاپ ئايرىپ چىقىش، ئۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە سۆزلىمەكچى بولغان كىشىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا ۋائىزلار بۇ ھالقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1) ۋائىزلار ماتېرىيال توپلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋەزنىڭ تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆپلەپ توپلىشى كېرەك. مەسىلەن: تاللانغان مەلۇم تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت، ھەدىس، مىساللار، ھېكمەتلىك سۆزلەر، رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىكلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋاھاكازالار. تاللانغان ماتېرىياللار قانچە كۆپ بولسا تاللانغان تېمىنى شۇنچە ئەتراپلىق سۆزلەپ، مەسىلىلەرنى ياخشى يورىتىپ بەرگىلى بولىدۇ ھەم تىل كەمبەغەللىكىدىن قۇتۇلۇپ، ماتېرىياللاردىن ئېھتىياجىغا قاراپ كەڭ-كۇشادە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

2) ۋائىزلار توپلىغان ماتېرىياللىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ تەھلىل قىلىش كېرەك. مەسىلەن: ئالدى بىلەن تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ تەھلىل يۈرگۈزىمىز، ئايەتلەرنىڭ ھۆكۈملەرگە دالالەت قىلىشى قەتئىيمۇ ياكى زەنىنىمۇ؟ ناسىخمۇ ياكى مەنسۇخمۇ؟ مۇجمەلمۇ ياكى مۇپەسسەلمۇ؟ خاسمۇ ياكى ئاممۇ؟ دېگەنلەرنى، شۇنىڭدەك ئايەتلەرنىڭ نازىل

قىلىنىش سەۋەبلىرىنى، ئۆلىمالارنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىنى تەھلىل قىلىمىز: ئىككىنچى قەدەمدە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك تاللانغان ھەدىسلەرگە قارايمىز. تاللىغان ھەدىسلىرىمىز مۇتىۋاتىرمۇ، مەشھۇرمۇ ياكى ئاھادمۇ؟ سەھىھمۇ ياكى زەئىپمۇ؟ راۋىلىرى ئىشەنچلىكمۇ ياكى ئىشەنچىسىزمۇ؟ دېگەنلەرنى تەھلىل قىلىمىز. ئاندىن كېيىن ۋەقەلىكلەرنى، ئۆلىمالارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىمىز.

3) ۋائىزلار توپلىغان ماتېرىياللار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ تۈرلەرگە ئايرىۋالغاندىن كېيىن، ماتېرىياللار تۈرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قاراپ تېمىغا مۇۋاپىق كەلگەن ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ جانلىق، ئەڭ قايىل قىلارلىق ماتېرىياللارنى ۋەزنىڭ تېكىستىگە كىرگۈزسە بولىدۇ. مەسىلەن، ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بولسا، ئايەت-ھەدىسلەر ھۆكۈملەرگە قەتئىي دالالەت قىلىدىغان بولۇشى كېرەك، ھۆكۈملەرگە زەننىي ھالدا دالالەت قىلىدىغان بولۇشى كېرەك، ھۆكۈملەرگە زەننىي ھالدا دالالەت قىلىدىغان ئايەت-ھەدىسلەرنى ئەقىدە مەسىلىلىرىگە دەلىل-پاكىت قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەقىدىدىن باشقا ئىبادەت-مۇئامىلاتقا دائىر ھۆكۈملەردە زەئىپ ھەدىسلەر دەلىل-پاكىت قىلىنمايدۇ. ئەمما ھۆكۈمگە مۇناسىۋەتسىز، ياخشى ئىشلارغا، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە تەشەببۇس قىلىش، ئۈندەش ئىشلىرىدا زەئىپ ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

4) ۋائىزلار توپلىغان ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشتا جانلىق بولۇشى كېرەك، تېمىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان مەزمۇنلارنى، دەلىللەرنى ياكى ئاجىز كۆز قاراشلارنى زورمۇزور تېڭىپ تېكىستكە كىرگۈزمەسلىك كېرەك، بەلكى تېمىنى يورۇتۇشقا ياردەم بېرىدىغان، جامائەتنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدىغان جانلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش كېرەك.

5) ۋائىزلار تاللىغان تېمىسىغا مۇۋاپىق ماتېرىياللارنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، تېما ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشى كېرەك. چۈنكى ماقالە يېزىش ياكى ۋەز سۆزلەشتە ئالدى بىلەن تېما ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ تېمىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىز پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدا ئويلىغان نەرسىلەرنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ قويساقمۇ بولىدۇ ياكى شۇ ئاساستا ۋەز تېكىستىنى يېزىۋالساقمۇ بولىدۇ، بۇنى ھەربىر ۋائىز ئۆزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ. ۋەز ئاساسەن مۇقەددىمە، ئاساسلىق مەزمۇن ياكى مۇھىم نۇقتا ۋە خاتىمە دەپ ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا بۇ ئۈچ بۆلەكنى ئۆز تەرتىپى بىلەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

(1) ۋەزنىڭ مۇقەددىمىسىنى ياخشى باشلاش كېرەك. ۋەزنىڭ بېشى ياكى مۇقەددىمىسى پۈتكۈل ۋەزنىڭ يۆنىلىشىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. ۋەزنىڭ بېشى ياخشى باشلانسا جامائەتنى دەرھال جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن: «ئەئۇزۇ» بىلەن «بىسمىللاھ»نى ئوقۇپ، ئاندىن جاراڭلىق ھالدا ھەمدۇ ـ سانا، دۇرۇت ـ سالام ۋە شاھادەت كەلىمىلىرىنى ئېيتىمىز، ئاندىن ۋەزنىڭ تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ياكى بىر قانچە ئايەت ـ ھەدىسلەرنى شەرھلەش ئاساسىدا ۋەزنى باشلايمىز. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلىغاندا قوللىنىدىغان ئېسىل ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلغان بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەزنى تەلەپكە لايىق باشلىغان بولىمىز، ھەمدە جامائەتنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنى ۋەزگە جەلپ قىلالايمىز.

(2) ۋەزنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ياكى مۇھىم نۇقتىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئابزاسقا ياندىشتۇرۇلغان ھالدا، گۈزەل تىللار بىلەن ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلىنىشى كېرەك. چۈنكى بۇ ئاساسلىق مەزمۇن ياكى مۇھىم نۇقتا ۋەزنىڭ جامائەتكە ئەڭ ياخشى، ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان قىسمىدۇر.

(3) ۋەزنىڭ مۇقەددىمىسىنى ياخشى باشلاپ، مۇھىم نۇقتىسىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا ئوخشاش، ۋەزنىڭ ئاخىرىنى ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇشمۇ ۋائىزلار ئالدىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ بىرى، چۈنكى ۋەزنىڭ ئاخىرى ۋەزنىڭ ئاساسلىق تېمىسىنى ئېچىپ، مەقسەتنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۇ ئالەمدىكى ياخشى نەتىجە، ياخشى ئاقىۋەتلەرنى جامائەتنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدا، ئىدىيە ھېسسىياتىدا يېڭىلىق، سىلكىنىش پەيدا قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ۋەز مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملانغان، كۆزلەنگەن ئۈنۈمگە يەتكەن بولىدۇ.

(4) ۋەزنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇشى، ۋائىزلار تەپەككۇرىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك. شۇڭا ۋەزنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا، ۋائىز ئەڭ ياخشىسى بىر قەدەر تەپسىلىيرەك تىزىس تەييارلىۋېلىشى كېرەك. تىزىس بولغاندا مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تەھلىل قىلغىلى، ۋەزنىڭ قاتلام ـ تەرتىپلىرىنى ئېنىق ئايرىغىلى، قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋائىزنىڭ كۆڭلىدە سان بولۇپ، ۋەز سۆزلىگەندە سۆزنى ئازماي، ئۈچۈق، تەرتىپلىك قىلالايدۇ، مەركىزى نۇقتىمۇ ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

(5) ۋەزنىڭ باش ـ ئاخىرى ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. يەنى تېما بىلەن مەزمۇننىڭ ماسلىشىشىغا، بايان تەرتىپىنىڭ ئىزچىللىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ۋەز رىتىملىق، ئۆلچەملىك، جەلپ قىلارلىق ھەم قايىل قىلارلىق ۋەز بولۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭدەك جامائەتمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

3. ۋەزنى سۆزلەپ سىناپ كۆرۈش كېرەك. ۋەزنى سۆزلەپ سىناپ كۆرۈپ ۋەز تەييارلاش باسقۇچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خىزمىتى، شۇنداقلا ۋەزنىڭ پۈتكۈل تەييارلىق خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالاشتۇر. ئاۋۋال سۆزلەپ باققاندا مەلۇم تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگىلى، بايقالغان يېتەرسىزلىكلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رەسمىي ۋەز سۆزلىگەندە جىددىيلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئالدىن بىر قېتىم ۋەز سۆزلەپ سىناپ كۆرۈش ۋائىزلارنىڭ ۋەز سۆزلەشنى ئەمەلىيەتتىن بىر قېتىم ئۆتكۈزۈشى بولۇپ، ۋەزنى سۆزلەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى.

ئاللاھ تائالا ھەبىر ۋائىزغا غەيرەت-شىجائەت، ئىلىم-ئىرپان، سەۋر-تاقەت، كۈچلۈك ئىمان، يۇقىرى مەرتىۋە ئاتا قىلغاي، ئامىن! (تۈگىدى)

﴿رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَؤُوفٌ رَّحِيمٌ﴾

﴿ئى رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى ئۆچمەنلىك پەيدا قىلمىغىن. ئى رەببىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن﴾ (**59** - سۈرە/ھەشر **10** - ئايەت).

﴿رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلَّذِينَ كَفَرُوا وَاغْفِرْ لَنَا رَبَّنَا إِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

﴿ئى رەببىمىز! كاپىر بولغانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراتمىغىن. ئى رەببىمىز! بىزنىڭ گۇناھىمىزنى كەچۈرگىن، سەن ھەقىقەتەن ھەممىدىن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن﴾ (**60** - سۈرە/مۇمتەھىنە **5** - ئايەت).

﴿رَبَّنَا لَغَفُورٌ شَكُورٌ﴾

﴿بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر﴾ (**35** - سۈرە/فاتىر **34** - ئايەت).

﴿رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَيْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا فَاغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا وَاتَّبَعُوا سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ﴾

﴿ئى رەببىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾ (**40** - سۈرە/غافىر **7** - ئايەت).

﴿رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا﴾

﴿ئى رەببىمىز! بىزگە جەھەننەم ئازابىنى يولاتمىغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ﴾ (**25** - سۈرە/فۇرقان **65** - ئايەت).

# ئۈرۈمچى ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر) مەسجىدى

ئۈرۈمچى ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر) مەسجىدى ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر مەسجىدلەرنىڭ بىرى. بۇ مەسجىد 1896-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، تارىختىكى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەرنى، ھەرخىل بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىر قانچە قېتىملىق ئېلىپ بېرىلغان ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش ۋە قايتا سېلىشلار بىلەن ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلدى. بۇ مەسجىدنىڭ ھازىرقى جەلپ قىلارلىق گۈزەل، پۈختا قىياپىتى خەلقىمىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، دەرۋازىسىغا ئېسىلغان «143-نومۇر » دېگەن رەت تاختىسى بىلەن غالىبىيەت يولىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

بۇ مەسجىد ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونىدىكى غالىبىيەت يولىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى بىلەن يەنئەن يولى تۇتاشقان ئېغىزىنىڭ غەربىدىكى ھەر جەھەتتىن قولايلىق بولغان مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان، بۇ مەسجىدتە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك بەش ۋاخلىق نامىزىدىن باشقا، يەنە جۈمە نامىزى، ھېيت نامىزى قاتارلىق چوڭ-چوڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بىر تەرەپ قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەسجىد يەنە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن كاتتا مېھمانلار، دۆلەت ئەربابلىرى، دىنىي ئەربابلار ۋە ئالىم-ئۆلىمالار كۆتۈۋېلىنىدىغان ئەڭ ياخشى زىيارەت ماكانىغا ئايلىنىپ قالدى.

بۇ مەسجىدنىڭ 1955-يىللىرىغا قەدەر ئىگىلىگەن ۋەقفە يەر كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردا مەسجىدنىڭ شىمال تەرىپى ھازىرقى كونسۇل كوچىسى بىلەن، غەربى تەرىپى كونسۇل كوچىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىن كېسىپ ماڭغان جەنۇبىي خابا 2-كوچىسى بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. يەنى، ئالدى غالىبىيەت يولىدىن باشلىنىپ، كەينى تەرەپ ھازىرقى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ كەينى دەرۋازىسىغىچە جەمئىي 10 نەچچە مو يەر ئۇزاق زاماندىن بېرى مەسجىدنىڭ زېمىنى بولۇپ كەلگەن ئىدى. مەسجىدنىڭ كەينى ھويلىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. 1947-يىلى گومىنداڭنىڭ ئىككى كىشىلىك بىر ھەربىي ئايروپىلانى مەسجىدنىڭ كەينى ھويلىسىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئىككى ئەسكەرنىڭ بىرى ئۆلۈپ، بىرى يارىلانغان. مەسجىدىمىزنىڭ پېشقەدەم جامائەتلىرى مەسجىد تارىخىنى سۆزلىگەندە مەسجىدنىڭ ھويلىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئايروپىلان ۋەقەسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدى-كەينىدە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتا مەسجىد ئىگە-چاقىسىز

قىلىپ، مەسجىدنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەقفە يەرلىرى قوشنا شەخسىي ۋە ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغانلىقى، شۇنىڭدەك يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەسجىدنىڭ ئالدىدىكى غالىبىيەت يولىنىڭ ئۇدا بىرقانچە قېتىم مەسجىدنىڭ ئالدى مەيدانىغا كېڭەيتىپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن، مەسجىدنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى بارغانسېرى تارىيىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ مەسجىد باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنىڭ مەسجىدنىڭ ئەسلىدىكى يەرلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قايتۇرۇپ ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە، مەسجىدنىڭ ھازىرقى ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋەقفە يەرلەر شىمال تەرىپى كونسۇل كوچىسى بىلەن، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرى دېھقانچىلىق نازارىتى بىلەن، شەرق تەرىپى غالىبىيەت چوڭ يولى بىلەن چېگرالىنىدۇ.

بۇ مەسجىد ئەڭ دەسلەپ 1896-يىلى سېلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئاز-كەم بىر يۈز يىگىرمە يىللىق تارىخنى باشتىن ئۆتكۈزگەن.

19-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرى قەشقەردىن بۇخاراغا بېرىپ دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە ئورۇنلىشىپ قالغان ئابدۇرەھمان داموللا ئابدۇرېشىدخان قەشقەرى (ئۇيغۇر، 1848-يىلى تۇغۇلۇپ، 1925-يىلى ۋاپات بولغان)، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەمەيدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان رامىزان ھاجى نىغمەت جانىشوف (تاتار، 1845-يىلى تۇغۇلۇپ، 1914-يىلى ۋاپات بولغان)، قوقاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەيزىھەت ئاقساقال (ئۆزبېك، 1830-يىلى تۇغۇلۇپ، 1906-يىلى ۋاپات بولغان)، ئەنجاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەزىز خەلپە ھاكىمباي (ئۆزبېك، 1849-يىلى تۇغۇلۇپ، 1932-يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەر زاتلار مۇزاكىرىلىشىپ، مىلادىيە 1895-(ھىجرىيە 1313-) يىلى ئۈرۈمچى نەنلياڭ رايونىدا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن بىر مەسجىد يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرلىشىپ مەسجىد بىنا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقان. ئۇلارنىڭ بىرلىكتە ئىئانە توپلىشى، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچىدىكى باشقا بايلارمۇ ھەمكارلىشىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەدەت بېرىشى بىلەن بىر يىل تىرىشىپ قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، مىلادىيە 1896-(ھىجرىيە 1314-) يىلىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچى نەنلياڭ رايونىدا تەخمىنەن 280 كىۋادرات مېتىر كۆلەمدە ياغاچ-كېسەك قۇرۇلمىلىق بىر مەسجىد بىنا قىلىنغان.

بۇ مەسجىد سېلىنغان نەنلياڭ رايونىدا يەرلىك ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن باشقا، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئۆزبېك، تاتار، قازاق قاتارلىق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بولغاچقا، بۇ مەسجىد شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئورتاق دىنى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنى بولۇپ كەلگەن. شۇ ۋاقىتلاردا، مەسجىد ئەتراپىدا يېرى بار مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن ھەمدۇل نەۋۇل (ئۇيغۇر)، ھۈسەيىن بورناشوف (تاتار) ۋە ئەزەم خوجا (ئۆزبېك) قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدىن يەر ئاجرىتىپ مەسجىدكە ۋەقفە قىلىۋەتكەن.

بۇ مەسجىد «نەنلياڭ» رايونىدا تۇنجى بولۇپ سېلىنغان بىردىنبىر مەسجىد بولغاچقا، بۇ مەسجىد شۇ ۋاقىتلاردا «نەنلياڭ مەسجىدى» دەپ ئاتالغان.

بۇ مەسجىد سېلىنغاندىن باشلاپ 1909 ـ يىلىغا قەدەر 13 يىل قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان. بۇ جەرياندا، مەسجىد قۇرۇلۇشىدا ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ خىزمەت قىلغان دىنىي ئۆلىما ئابدۇرەھمان داموللا ئابدۇرېشىدخان قەشقەرى ئىمام بولغان، ئەزىز خەلپە ھاكىمباي مۇئەززىن بولغان، مەيزىھەت ئاقساقال مەسجىد باشقۇرغان ئىدى.

مىلادىيە 1909 ـ (ھىجرىيە 1326 ـ) يىلىغا كەلگەندە بايموللا، ئابدۇلمەلىك داموللا ھاجى، ھامۇتجانباي، تاھىر ھەسەن، تۇرسۇنباي، ئەزەمباي قاتارلىق جامائەت مۆتىۋەرلىرى بۇ مەسجىدنى قايتا بىر يېڭىلاپ سېلىش قارارىغا كەلگەن. شۇ چاغلاردا ھازىرقى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئىچىگە رۇسىيە كونسۇلخانىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە رۇسىيە قۇرۇلۇش پاسونىدا ھەرخىل شەكىلدە بىنالار سېلىنىۋاتقان بولغاچقا، يېڭىدىن سالماقچى بولغان بۇ مەسجىد قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلىنىمۇ يېڭىچە پاسوندا قىلىش، ھەم ئۈرۈمچىنىڭ ھۆل ـ يېغىن، سوغۇق ھاۋالىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك قۇرۇلۇش تېخنىكلارنى، لايىھەلىگۈچىلەرنى تەكلىپ قىلغان، شۇ ۋاقىتتىكى نەنلىياڭدا قۇرۇلغان ياڭخاڭ خەلقئارا ئەركىن سودا رايونىغا ماس بولۇش تەلىپى بويىچە مەسجىد قۇرۇلۇشى ئالاھىدە لايىھەلەنگەن.

بۇ يېڭى مەسجىد قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھە خەرىتىسىنى ئارخىتېكتور ئەكبەرشاھ بابا ئەنئەنىۋى ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى ئاساس، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زامانىۋى مەسجىد قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا قىسمەن تەقلىد قىلىپ سىزىپ چىقىپ، بۇ يېڭى مەسجىد قۇرۇلۇشىنى 1896 ـ يىلى سېلىنغان كونا مەسجىدنىڭ ئورنىغا سېلىشنى قارار قىلغان. قۇرۇلۇش باشلانغاندىن كېيىن، بۇ مەسجىد كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھەر جەھەتتىن قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن 7 ئايدا پۈتۈپ چىققان. بۇ مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 610 كىۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭدا مەسجىد خانىقاسى ئۈچۈن 200 كىۋادرات مېتىرلىق ئورۇن قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا 80 كىۋادرات مېتىرلىق بىر سۇننەتخانا ۋە ئىككى يان تەرىپىگە 120 كىۋادرات مېتىردىن كېلىدىغان قوشۇمچە ئىككى ئاياللار نامازخانىسى، بۇ ئىككى يان تەرەپكە ئۆتۈشىدىغان قوش قۇۋۇقلۇق ئىشىك قويۇپ، بۇ ئىككى تەرەپنى جۈمە، ھېيت كۈنلىرى جامائەتكە ئېچىۋېتىلىدىغان قىلىپ لايىھەلىگەن. مەسجىدنىڭ تاملىرى 70 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا، دېرىزىلىرى ئىككى قەۋەتلىك، مەسجىدنىڭ بۆلۈك تاملىرىغا ئۈچ تەرەپتىن مەسجىدنىڭ ئۈچ بۆلىكىگە ئىسسىقلىق چىقىرالايدىغان چوڭ يۇمىلاق تام مەشلىرى ئورنىتىلىدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەن. مەسجىد قۇرۇلۇشىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇستا قۇرۇلۇشچى، تامچىلار تەكلىپ قىلىنغانىدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشقا ئەينى چاغدىكى سەرخىل بىناكارلىق ماتېرىيالى بولغان كۆك خىش، ھاك ۋە تاللانغان ياغاچ ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ يېڭى مەسجىد قۇرۇلۇشىنى 1896 ـ يىلى دەسلەپ سېلىنغان مەسجىد قۇرۇلۇشىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ مەسجىدنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، قىبلىسى توغرا، كۆلىمى چوڭ ۋە قۇرۇلمىسى پۇختا بولغان. بۇ مەسجىدنىڭ تورۇسى ئىككى قەۋەت قىلىنغان، ئۆگزىسى چېدىرسىمان يېپىلىپ، ئۈستىگە قاڭالتىر مىخلانغان. مەسجىد سىمۋولى سۈپىتىدە ئالدى دالان ئۈستىگە ئەپچىل بالىخانا ياسالغان، ئەتراپى سىپتا رىشاتكىلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتە ياغاچ

تاختايدىن قۇببىسىمان گۈمبەز ياسىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىلال ئاي قوندۇرۇلغان، دالاننىڭ تاشقىرى ئىشىكى بېشىغا «بۇ مەسجىد ھىجرىيە 1326 ـ يىلى پۈتتى» دېگەن خەت ئويۇلغان ئابىدە تاش پۇختا ئورنىتىلغان.

بۇ يېڭى مەسجىد پۈتكەندىن كېيىن، مەسجىد باشقۇرۇش ھەيئىتى ئۇنىڭغا ئۇلاپلا زوڭزوڭ بولغان بىر قانچە قوشۇمچە قۇرۇلۇش قىلىشنى پىلانلىغان. بۇنىڭدا، مەسجىد ۋەقفە يەرلىرى ئەتراپىغا تام قوپۇرغاندىن باشقا، يېڭى مەسجىد ئارقىسىغا ئىمام، مۇئەززىنلەرنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ئون نەچچە ئېغىز ئۆي ۋە ئۈسمۈرلەر ئوقۇيدىغان تۆت ئېغىز ئازادە، يورۇق دەرسخانا سالغان. مەسجىدنىڭ كەينىدىكى ئۈستەڭ ئۈستىگە جامائەت مەسجىدكە كەلگەندە ئۆتىدىغان كۆۋرۈك سالغان. مەسجىدنىڭ شەرق تەرىپىگە پەشتاقلىق بىر دەرۋازا ياسىغان.

بۇ قېتىمقى مەسجىد پۈتكەن چاغلاردا چەت ئەل پۇقرالىرى، بولۇپمۇ رۇسىيەدىن كەلگەن بىر قىسىم سودىگەرلەرنىڭ نەنلىياڭدىكى خەلقئارا ئەركىن سودا رايونى ئىچىدە «ياڭخاڭ» نامىدا ئون نەچچە شىركەت قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تىجارىتى ھەر تەرەپتىن جانلىنىپ بازار تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق يىللاردىن بېرى «نەنلىياڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ رايون تەدرىجىي ھالدا «ياڭخاڭ (洋行)»، يەنى، ئەجنەبىيلەر رايونى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونغا سېلىنغان بۇ قېتىمقى يېڭى مەسجىدمۇ «ياڭخاڭ مەسجىدى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

بۇ جەرياندا، ئابدۇلمەلىك داموللا ھاجى ئابدۇقادىر (1870 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1920 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋاپات بولغان) 1902 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلغىچە 18 يىل ئىمام بولغان.

ئەھمەد ئەلەم كەنجى (1866 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1928 ـ يىلى ۋاپات بولغان) 1920 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە 8 يىل ئىمام بولغان.

ئەكرەم ئەئزەم خوجە (1889 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1945 ـ يىلى ۋاپات بولغان) 1914 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە ئۇزاق مۇددەت مۇئەززىن بولغان.

ئەھمەد نەجىپ ھاجى (1869 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ۋاپات بولغان) مەسجىد باشقۇرۇش ھەيئىتى بولغان.

بۇ قېتىمقى مەسجىد پۈتۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەسجىد باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى جامائەت ۋەكىللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەسجىدنىڭ ئالدىغا مەسجىدكە ماس چىرايلىق بىر ئايۋانچا سېلىشنى قارار قىلدى. شۇ ۋاقىتتا، بۇ قۇرۇلۇشقا ئەھمەد نەجىپ ھاجى، مەنسۇر جان بابا، تۇرسۇن بابا، قۇربان سەئىدى، غازىباي ھېيت ئاخۇن گېجاڭ، ھاۋاز چوڭ، قادىر تۆكچى، ھەسەن يانفۇرازوق، خوجىنىياز تىيىپ قاتارلىق ھەر مىللەت مۇسۇلمان مۆتىۋەرلىرى يېتەكچىلىك قىلغان، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئامىسى ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ياردەم بېرىپ قوللىشى بىلەن بىرگە، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارمۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. ئەينى چاغدا، بۇ قۇرۇلۇشنى قىلىش ئۈچۈن قەشقەردىن نەسرۇللا ھاجى، كۇچادىن نامان يۈسۈپ قاتارلىق بىر تۈركۈم ياغاچچى ۋە نەققاش ئۇستىلىرى تەكلىپ قىلىنغان. مەرھۇم

يازغۇچى ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ «ئىز» ناملىق مەشھۇر رومانىدا تارىخىي شەخس تۆمۈر خەلپىنىڭ بۇ مەسجىدنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى قوشۇمچە قۇرۇلۇشىدا ياغاچچىلىق قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇش مەسجىد ئالدىغا قوشۇلغان ئايۋانچا قۇرۇلۇشى بولغانلىقتىن، بۇ پۈتۈنلەي ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان، ئۇنىڭ كەڭلىكى 21.30 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 18 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 مېتىر بولۇپ پۈتكەن، قۇرۇلمىسى 20 تۈۋرۈك، 12 غول لىم، 26 جەگىدىن تەركىب تاپقان. ھەر بىر تۈۋرۈك ئارىلىقلىرى ئەگمە قىلىپ قۇراشتۇرۇلغان، تورۇسى چەمبەر شەكىل، كۋادرات شەكىل، ۋە كونۇس شەكىللىرى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھەممىسى ياغاچ نەققاشچىلىقى بىلەن زىننەتلىنىش بىلەن بىرگە، تاشقى كۆرۈنۈشى ماسلاشتۇرۇلۇپ كۆك، يېشىل رەڭلەر بىلەن سىرلىنىپ، ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدە ئاجايىپ چىرايلىق بىر مەنزىرە بولغان. بۇ ئايۋانچا قوشۇلۇپ مەسجىدنىڭ ئومومىي كۆلىمى 800 كىۋادرات مېتىرغا يەتكەن. مەسجىدنىڭ بۇ ئايۋانچىسى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى نامازخانىسى بىلەن بىرگە 2000 ـ يىلغىچە نامازگاھ قىلىنغان.

1980 ـ يىلىغا كەلگەندە، مەركەزنىڭ 188 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى چۈشۈپ، بۇنىڭدا:«دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ۋەقفە يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغان ئورۇنلارنىڭ دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۇلارنىڭ ۋەقفە يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك» دېگەن پەرمانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، يۇرتىمىزنىڭ كاتتىسى، مۆتىۋەر دىنى ئالىمى، جامائەت ئەربابى مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم بۇ مەسجىدگە ئىمام بولغان، مەرھۇم شېرىپجان دامولla ھاجىم بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئىگىلىۋالغان ئۆي ـ جايلارنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنغان، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بۇ ئىلتىماسنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، تەڭرىتاغ رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىن ئابدۇرېشىت بوجاڭ بىلەن تەڭرىتاغ رايونلۇق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىن تۇرسۇن توختى قاتارلىقلارنى مەسئۇل قىلىپ بىر گۇرۇپپا ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئىشنى ھەل قىلىپ بېرىشكە تاپشۇرغان. شەھەرلىك ئۆي ـ مۈلۈك ئىدارىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەسجىدنىڭ ئۆي ـ جايلىرىنى مەسجىدكە قايتۇرۇپ بېرىپ، مەسجىدنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان. شۇنداقتىمۇ مەسجىدنىڭ يەنە 500 كىۋادرات مېتىردىن ئوشۇق يېرىگە دېھقانچىلىق نازارىتى ئىسسىقلىق پارى تەمىنلەش بىناسى سېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن تاھازىرغىچە قايتۇرۇپ ئېلىش مۇمكىن بولمىغان.

مەرھۇم شېرىپجان دامولla ھاجىم بىر قانچە قېتىم ئىچكىرى ئۆلكە، شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا قاتناشتى. يەنە بىر قانچە دۆلەتلەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ كەلدى. ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، تونۇشى يېڭىلاندى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ، يېڭىلىق يارىتىش ئىرادىسى تىكلەندى.

مەرھۇم شېرىپجان دامولla ھاجىم ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەرەققىياتى، شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ مەسجىدنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كۆلىمى ناماز ئوقۇيدىغان جامائەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى، ياغاچ ـ كېسەك بىلەن سېلىنغان بۇ مەسجىد ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ،

خەتەرلىك باسقۇچقا كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسجىدنىڭ ئالدىدىكى غالىبىيەت يولىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ مەسجىدنىڭ ئالدى مەيدانىنىڭ كۆپ قىسمى چوڭ يولغا چىقىپ كەتكەندى، مەسجىدنى كەينىگە يۆتكەشنى، شەھەرلىك ئۆي-مۈلۈك ئىدارىسىدىن قايتۇرۇپ ئالغان ئۇزۇنلۇقى 53 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر كېلىدىغان يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا شەھەر قۇرۇلۇشىغا ماس كېلىدىغان ئازادە، كۆركەم بىر مەسجىد سېلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئاپتونوم رايونلۇق قېزىپ تەكشۈرۈش، لايىھەلەش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر ئەپەندىمنىڭ قوماندانلىقىدا ئارختېكتور پاتىگۈل مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇش لايىھەسىنى سىزىپ چىقتى. كونا مەسجىدنى يېڭى مەسجىد پۈتكۈچە ۋاقىتىنچە ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن بۇ لايىھەنى ئىجرا قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ پىلان يۇقىرى دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ تەستىقلانغاندىن كېيىن، نەنلىياڭ (ياڭخاڭ) مەسجىدىنىڭ تارىخىغا 100 يىل توشقان 1996-يىلىدا، مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجى باش بولۇپ، جامائەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن يېڭى مەسجىد قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇل تېشىنى قويىدى. مەرھۇمنىڭ بۇ ئىشى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، مەسجىدنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئاساسىدا ئېلىپ بارغان، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا مەنپەئەتلىك بولغان بىر ئۇلۇغۋار پائالىيەت ئىدى.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم ئۇزاقتىن بېرى ھەر جەھەتتە سىنالغان جامائەت ۋەكىللىرىدىن ھوشۇر ھاجى، ھەبىبۇللا قاريي ھاجى، بەكرى ھاجى، سەيپۇل ھاجى، ئابلەھەت ئەپەندى، مەمتىمىن ھاجى، ئابدۇرۇسۇل ھاجى ۋە ھاپىز ھاجى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، دېموكراتىك ئۇسۇلدا نامزات كۆرسىتىش ئارقىلىق مەسجىد قۇرۇلۇشى ھەيئىتى تەسىس قىلدى ھەمدە بۇ ھەيئەت مەرھۇمنىڭ سەممىي يېتەكچىلىكىدە پىلانلىق، تەرتىپلىك ئىش باشلىدى.

مەسجىد قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش پىلانلانغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش رەسمىيەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن بېجىرىلدى ھەمدە قۇرۇلۇش قىلىشقا بىرقانچە بىناكارلىق شىركەتلىرى خېرىدار بولدى، مەسجىد ھەيئەتلىرى مۇزاكىرىلىشىپ، ھەر جەھەتتىن ئويلىشىپ، بۇ قۇرۇلۇشنى قەشقەر توققۇزاق ناھىيەلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىگە ھۆددىگە بېرىشنى قارار قىلدى. مەسجىد ھەيئەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىش، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىش مەقسىتىدە قۇرۇلۇش پىلانىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىشى بىلەن، ئەسلىدىكى ئىككى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش پىلانى بىر باسقۇچلۇق پىلانغا ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش كۆلىمى، قۇرۇلۇش پاسونى ۋە قۇرۇلۇش خەرىتىسى بىراقلا ئۆزگىرىپ، ئەسلىدىكى ئىككى قەۋەتلىك مەسجىد ئۈچ قەۋەتلىك مەسجىدكە ئۆزگەرتىلدى.

مەسجىد قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن كېيىن، بۇ قۇرۇلۇش ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم جامائەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سەپەرۋەر قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ

نامىدا، ئايالىنىڭ نامىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىقتىسادىي ئىئانە قىلىپ جامائەتكە ئۈلگە بولدى. ھەر قايسى مەسجىدلەردىن، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىن ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئاخىرىدا مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم مەسجىدنىڭ ھەيئەتلىرىدىن بەكرى ھاجى، نۇر ھاجىلارنى باشلاپ بېيجىڭغا بېرىپ، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ، دۆلەت تەرەققىيات پىلان كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شۇ ۋاقىتتىكى قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىپ، مەسجىد قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ ئىشقا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسجىدىگە، خوتەن چوڭ جامەگە، غۇلجا بەيتۇللا مەسجىدىگە بىرلا ۋاقىتتا جەمئىي 7 مىليون پۇل تەستىقلاپ بەردى. بۇ ئارقىلىق مەسجىد قۇرۇلۇشى قايتا جانلاندى.

مەسجىد قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشى بولۇپ چىقىشىغا، كۆرۈنۈشىنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىگە ئىلتىماس قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەسجىد ھەيئەتلىرىدىن ھوشۇر ھاجى، ھەبىبۇللا قارىي ھاجى، بەكرى ھاجى، ئابلەھەت ئەپەندى ۋە شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئاسىم خۇيجاڭ قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا ئادەمنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئامانىنىساخان، ئاپئاق غوجا ۋە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاتارلىقلارنىڭ مەقبەرىلىرىدىن ئىبارەت قەدىمى قۇرۇلۇشلارنى ۋە 27 مەسجىدنى كۆرۈپ كېلىشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، قۇرۇلۇش لايىھەسىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا شۇ ئورۇنلارنىڭ لايىھەلىرىدىن پايدىلاندى.

كەڭ جامائەتنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، 1998-يىلىدىن 2002-يىلىغىچە بولغان 4 يىل ئىچىدە مەسجىدنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتۈپ، جامائەت مەسجىد ئىچىدە ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. مەسجىدنىڭ قالدۇق ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، قوشۇمچە بېزەكچىلىك ئىشلىرىنىڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەسجىد باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىدىن بەكرى ھاجى، مەمتىمىن ھاجى، ئابدۇقەييۇم مەخسۇم ھاجى، ھاپىز ھاجى، ھوشۇر ھاجى، ھەبىبۇللا قارىي ھاجى باشلىق بىر تۈركۈم تەجرىبىلىك كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا كىشى قايتىدىن تەشكىللىنىپ 2002-يىلىدىن باشلاپ مەسجىدنىڭ قالدۇق قۇرۇلۇش ئىشىنى قايتىدىن جانلاندۇردى. نەتىجىدە 2005-يىلى 5- ئايدا بۇ قالدۇق قۇرۇلۇشلار تولۇق تاماملاندى.

2005-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم بىر ئەسىر ئالدىدىكى ئەجدادلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئالدى-كەينى 10 يىل ئىشلىگەن جاپالىق تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسى بولغان بۇ مەسجىد قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكەنلىكىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇنىڭغا شەھەردىكى پېشقەدەم ئىماملار، تۇرپان، كورلا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۆلىمالار، مەسجىد ئەتراپىدىكى ئىدارە-ئورگان رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ، شەھەرلىك، تەڭرىتاغ رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمى رەھبەرلىرى، دىنى ئىشلار

ئىدارىسى باشلىقلىرى، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى باشلىقلىرى قاتناشتى، بۇنىڭغا يەنە ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن يۈسۈپ ئەيسا، مىجىت ناسىرلار، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇدىرى ئابلايوپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت قۇربان، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى سەيپۇل ھاجى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ماناپقان قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىندا، مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم بۇ مۇۋەپپەقىيەتنى ئاتا قىلغان ئالالاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانالار ۋە شۈكرىلەر ئېيتتى. شۇنىڭدەك، مەسجىد قۇرۇلۇشىنى قوللاپ بەرگەن ۋە يېقىن تۇرغان مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىگە ۋە مەسجىد قۇرۇلۇشىدا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن، مەدەت بەرگەن جامائەتلەرگە رەھمەت ئېيتتى. ئۇلار ئۇچۇن يىغىنغا قاتناشقان ئۆلىمالار كوللېكتىپ دۇئا قىلدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان مەسجىدنىڭ سىرتقى ئېگىزلىكى 13 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 2148.54 كىۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇ كۆلەم يەر ئاستى زالى، ئىككى ئېگىز مۇنار، ئۈچ چوڭ-كىچىك گۇمبەز قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسجىدنىڭ قوشۇمچە 2-3-قەۋەتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. مەسجىدنىڭ ئىچى-تېشى، ئالدى كۆرۈنۈشى ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن زامانىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئويما نەقىش ئاساسىدا ياسالدى. مەسجىدنىڭ قۇرۇلمىسى پولات تۆمۈر، پولات چىۋىق ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سېمونت قاتارلىق زامانىۋى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بىلەن قويما تېخنىكىسىدا قاتۇرۇلدى.

مەسجىدنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى كۆركەم، ئىچى كەڭ-كۇشادە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەيۋەتلىك مېھرابى ۋە بىر-بىرىگە ماس كەلگەن ئېگىز دېرىزىلىرى، دېرىزە ئارىلىقلىرىدىكى ئوخشاش تام مەيدانلىرى، يارىشىملىق تۈۋرۈكلىرى، ئەتراپلىق لايىھەلەنگەن مېھراب ۋە تورۇسلىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى گەج نەققاشلىق ئۇسلۇبىدا كۆركەم زىننەتلەنگەنلىكى ئۇچۇن كىشىگە ئاجايىپ زوق ۋە ئېپتىخارلىق ئاتا قىلىدۇ.

مەسجىد ئىچىنىڭ ئېگىزلىكى 11 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇناسىپ ئايەتلىرى ۋە بەزى ھەدىسلەر خەتتاتلىق ئۇسلۇبىنىڭ سۇلۇس، تەلىق خەت نۇسخىلىرى بىلەن چىرايلىق يېزىلغان بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈشلەر گەجخالىق زىننىتىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى.

مەسجىدنىڭ ئالدىغا ياراشقان 48 كىۋادرات مېتىرلىق ئايۋانچىسى، ئۇنىڭغا ماس كەلگەن گۈزەل نەقىشلىرى، ئۈستىدىكى يارىشىملىق 40 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھىلال ئاي قوندۇرۇلغان ئىككى مۇنارى، بىر چوڭ گۇمبىزى، زىننەتلەنگەن رەڭگارەڭ چىراغلىرى بىلەن ئۇرۇمچى شەھىرىگە ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇپ تۇرماقتا.

مەسجىد باشقۇرۇش ھەيئەت ئەزالىرى ھەر ۋاقىت مەسجىد مەنپەئەتىنى ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ كەلدى. بولۇپمۇ مەسجىدنىڭ تاشقى ئوبرازى، مەنزىرىسى ۋە تەسىرى مەسىلىسىگە كەلگەندە مەسجىد ھەيئەتلىرى دادىللىق بىلەن ئالدىغا چىقىپ مەسىلىلەرنى ئىلمىي، توغرا ھەم ئادىل ھەل قىلىش تەرەپدارى بولۇپ كەلدى.

يېقىنقى يىللاردا شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەسجىد ئەتراپىغا قۇرۇلۇش قىلىش ئىستىكىدە كەلگەن كىشىلەر ئاز بولمىدى. بولۇپمۇ مەسجىدنىڭ «بەيتۇلمەئمۇر» دېگەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم كىشىلەر مەسجىد ئەتراپىدا سودا دۇكانلىرىنى چىقىرىپ پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلىپ، مەسجىدنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر قىسىم قۇرۇلۇشلارنى قىلماقچى بولغاندا، مەسجىد باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى بۇ جەھەتتە سەگەك بولۇپ، ئۇلارغا بۇ مەسجىدنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئۇرۇمچى شەھىرىگە كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان، دىنىي جەھەتتىكى تەشۋىقات كۆزنىكى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھەم مەسجىد بۇ يەرلەرنى سېتىۋېلىپ جامائەتكە ئورۇن تەييارلىمىسا، جامائەت ئەسلىدىكى ئورۇنغا سىغمايۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى قايىل قىلىپ ھەم رازى قىلىپ، بۇ قۇرۇلۇش قىلىش نىيىتىدىن ياندۇردى.

مەسجىدنىڭ بۇ ئىرادىسىنى چۈشەنگەن مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجى 2000 ـ يىلى يازدا ئۆزى باشقىلارغا ئۆلگە بولۇپ، ئۆزىگە تەۋە بولغان 145 كىۋادرات مېتىر جايدىكى ئۆي ـ مۈلۈكلىرىنى ئەرزان باھادا مەسجىدكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، 2007 ـ يىلى مەرھۇم شاكىر ھەزرەت ئەينى ۋاقىتتا ئولتۇرغان 241 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆي جايلىرىنى ئۇنىڭ باللىرى سېتىۋەتمەكچى بولغاندا، مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم باشلىق مەسجىد ھەيئەتلىرى بىرلىكتە مۇزاكىرىلىشىپ، «بۇ جاينى مەسجىد ھازىر سېتىۋالمىسا، باشقىلار ئېلىپ مەسجىدكە يۆلەپ قۇرۇلۇش سېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بىز مەسجىد ئۈچۈن قەرز ئېلىپ بولسىمۇ بۇ جاينى ئالايلى» دېگەن قارارنى قىلدى ھەمدە مەسجىد ھەيئەتلىرىگە ۋاكالىتەن مەمتىمىن ھاجى جاي ئىگىسى بىلەن قايتا ـ قايتا سۆزلىشىپ، مۇۋاپىق باھادا كېلىشكەندىن كېيىن، مەسجىد ھەيئەتلىرى جامائەتچىلىكتىن قەرز ئېلىپ بۇ جاينى سېتىۋالدى.

2012 ـ يىلغا كەلگەندە، مەسجىدنىڭ يەنە بىر خۇيزۇ قوشنىسى 195 كىۋادرات مېتىر جايىدىكى ئۆي ـ مۈلكىنى سېتىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى، ئەگەر مەسجىد بۇ جاينى سېتىۋالىدىغان بولسا، ئالدى بىلەن مەسجىدكە سېتىش خىيالى بارلىقىنى ئېيتقاندا، مەسجىد ھەيئەتلىرى جىددىي يىغىن ئېچىپ، جامائەتنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ جاينى ئېلىشنىڭ مەسجىدنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، جامائەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىر قانچە كۈنلۈك ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئارقىلىق بۇ جاينى سېتىۋالدى.

2012 ـ يىلى كۈزدە مەسجىدنىڭ يان تەرىپىدىكى 723 كىۋادرات مېتىرلىق جاينى سېتىۋېلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. مەسجىد ھەيئەتلىرى بۇ ئەھۋالغا جىددىي قارىمىسا، مەسجىدنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى چەكلىنىپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، مەسجىد ھەيئەتلىرىدىن مۆھتەرەم داموللا ھاجى، بەكرى ھاجىلار جىددىي يىغىن ئېچىپ، ھەممىسى بىردەك «بۇ جاينى چوقۇم سېتىۋېلىش كېرەك» دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە مۆھتەرەم داموللا ھاجىم باشلىق مەسجىد جامائەتلىرىدىن 21 كىشىلىك بىر ئىئانە توپلاش گۇرۇپپىسىنى سايلاپ چىقتى. ئۇلار: 1) بەكرى ھاجى، 2) مەمتىمىن ھاجى، 3) ئابدۇرېشىت ھاجى، 4)نېئمەت ھاجى، 5) ۋەلى ھاجى، 6) ئىمىن ھاجى، 7) جاپپار ھاجى، 8) ھەبىبۇللا قارىي ھاجى، 9) ئەزىز ھاجى، 10) كەنجى ھاجى، 11) تۇرسۇن

هاجى، 12) هۈسەيىن هاجى، 13) تەلئەت هاجى، 14) خالىق هاجى، 15) جېلىل هاجى، 16) روزى هاجى، 17) خەمىت هاجى، 18) ئەھمەد هاجى، 19) ئىسمائىل هاجى، 20) يۈسۈپ هاجى، 21) ئەنۋەر هاجى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى. بۇنىڭدىن باشقا ئىئانە پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغانغا ئابدۇسەمەت هاجى، نازارەت قىلىدىغانغا هۈسەيىن ئەھمەد قارىهاجى، مالىيە باشقۇرىدىغانغا بەكرى هاجىم، مەتىمىن هاجىم، هەبىبۇللا قارىهاجى، جاپپار هاجى قاتارلىقلار بېكىتىلدى. بۇ ئىئانە توپلاش گۇرۇپپىسى ئەتراپلىق ئويلىنىپ، بۇنداق كۆپ پۇلنى يىغىشتا ئاز تەرەپكە يۈك بولۇپ قالماي، هەر تەرەپنىڭ بۇ ياخشى ئىشقا تەڭ قاتنىشىشىغا شارائىت هازىرلاش ئۈچۈن، سېتىۋالماقچى بولغان 723 كۋادرات مېتىر يەرنى 723 بۆلەككە بۆلۈپ، هەر بىر كۋادرات مېتىر يەرگە پۇلنى چېچىپ، نورمال ئىقتىسادى بار كىشىلەرنىڭمۇ بىر كۋادرات مېتىردىن يەر ئېلىپ مەسجىدكە ۋەقفە قىلالايدىغان پۇرسەتنى يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن هەر ساهە كىشىلىرى بەس-بەستە هەرىكەتكە كېلىپ مەسجىد قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىئانە بېرىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئايال قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرلىك پائالىيەتلىرى جامائەتچىلىككە ياخشى ئۈلگە بولدى. مەسجىدنىڭ قوللانغان بۇ تەدبىرى بىلەن ئارىلىقتىن ئىككى ئاي ئۆتمەيلا بۇ جاينىڭ پۇلىنى تولۇق تۆلەپ بولۇپ مەسجىدكە ئۆتكۈزۈۋالدى.

مەسجىد هەيئەتلىرىنىڭ مۇشۇنداق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، هازىر مەسجىدنىڭ 800 كۋادرات مېتىرلىق مېيىت نامىزى چۈشۈرۈش مەيدانى، 500 كۋادرات مېتىرلىق مېۋىلىك بېغى، مەسجىدنىڭ يان تەرىپىدە يەنە 1200 كۋادرات مېتىرلىق يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان مەيدانى بار بولدى.

مەسجىدتە يەنە ئالاھىدە ياسالغان 300 كۋادرات مېتىرلىق تاھارەت ئالىدىغان سەرراپخانا بار، ئۇنىڭ ئىچىدە 30 نەچچە هاجەتخانا ۋە ئىستىنجاخانا قىلىپ لايىھەلەنگەن ئايرىمخانىلىرى بار، بۇلارنىڭ هەممە ئەسلىھەلىرى زامانىۋى هەم قولاي قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا ئاجىز، كېسەللەر ئۈچۈن تەييارلانغان 3 ئېغىز ئورۇندۇقلۇق هاجەتخانا بار. تاشتىن ياسالغان 75 ئورۇندۇق ۋە داسلىق تاھارەت ئېلىش ئورنى، ئولتۇرالمايدىغانلار ئۈچۈن تەييارلانغان تاھارەت ئېلىش ئورۇنلىرىدىن ئۈچى بار، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن هەر ۋاقىت ئىسسىق سۇ تەييار تۇرىدۇ.

يەنە مۇسىبەت يەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىر-چىراغ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەسجىد ئىچىدە تەييارلانغان 35 ئۈستەللىك بىر نەزىر-چىراغ مەرىكە زالى، زال ئىچىدە ئەر-ئاياللار ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم ئىككى قول يۇيۇش ئۆيى، 100 كىلوگىرام گۈرۈچ سالغىلى بولىدىغان 3 دانە چوڭ قازان هەم گازلىق ئوچاق. سەي قورۇيدىغان قازان، قايناقسۇ قاينىتىدىغان بىر دانە چوڭ پارقازان، بىر قاچا-قۇچا يۇيىدىغان ئۆي، بىر خام ماتېرىياللار ئىسكىلاتى قاتارلىقلار بار.

ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر) مەسجىدى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋاپات بولغان %80 تىن ئارتۇق هەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ جىنازىلىرى بۇ مەسجىدكە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ، نامىزى چۈشۈرۈلۈپ ئاخىرەتكە ئۇزىتىلۇپ كېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىللىق ئىستاتىستىكىدا هەر يىلى ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر)

مەسـجىدتە نامىزى چۈشـۈرۈلىدىغانلارنىڭ سـانى 200 ـ 250 كىچە بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ھەر ساھە زاتلىرى، جەمئىيەت ئەربابلىرى ۋە مەشھۇر شەخسلەرمۇ بار.

ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر) مەسجىدى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە سىرتقا ئىچىۋېتىلگەن قانۇنلۇق سـورۇن بولغاچقا، دۆلەت ئىچى ۋە سـىرتىدىن زىيارەت ۋە سـاياھەت مۇناسـىۋىتى بىلەن مەسـجىدنى كۆرگىلى كېلىدىغانلار كۆپ، بۇ ئەھۋال ئىزچىل ھالدا داۋاملىشـىپ كەلمەكتە. دۆلىتىمىز تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان مالايسـىيا، ھىندونېزىيە، ئىران، پاكىسـتان، ئافغانىسـتان، سـەئۇدى ئەرەبىسـتان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، مىسـىر، ياپونىيە ، تۈركىيە قاتارلىق نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى، مىنىسـتىرلىرى ۋە زىيارەت ئۆمەكلىرى بۇ مەسجىدنى زىيارەت قىلىپ تۇردى. ۋە بۇ يەردە ناماز ئوقۇدى. بولۇپمۇ ئىران ، مالايسىيا ۋە تۈركىيەدىن كەلگەن دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بۇ مەسجىدنى زىيارەت قىلىشى، ناماز ئوقۇشى بىلەن تەسىر دائىرىسى زورىيىپ بۈگۈنكى كۈندە خەلقئاراغا تونۇلغان مەشھۇر مەسجىد بولۇپ قالدى.

بۇ مەسجىدنىڭ بىر ئەسىردىن ھالقىغان تارىخى مۇساپىسىگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، تارىخ بەتلىرىگە نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالارنىڭ، جەمئىيەت ئەربابلىرىنىڭ ۋە مەشـھۇر شـەخسـلەرنىڭ ئىسـىملىرىنى قالدۇرۇپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى مەسجىدنىڭ ئۈستىدىكى راۋاقچە مۇنارنىڭ ئىچىدە مەسـجىدتىكى پائالىيەتلەرنى خاتىرىلەيدىغان، ۋاپات بولغانلارنى تىزىملايدىغان مەخسـۇس بىر خاتىرە بولۇپ، ئۈرۈق ـ تۇغقانلىرى ئېنىق ئەمەس، ئىز ـ دېرىكى يوق، مۇسـاپىرچىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەنلەر بولسـا، ئۇلارنى شـۇ خاتىرىگە يېزىپ قويۇپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈرۈق ـ تۇغقانلىرى بەزىدە مۇشـۇ يەردىن سـۈرۈشـتە قىلىپ، ئۇلارنى تاپىدىغان بىر ھالەت شەكىللەنگەن.

1929 ـ يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بۇ مەسجىدنىڭ ئىمامەتچىلىكىنى قىلغان كىشىلەر:

1) سـەئىد ئەغزەم خوجە (1882 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1935 ـ ۋاپات بولغان) 1929 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىلىغا قەدەر 4 يىل ئىمام بولغان.

2) ئابلەھەت ھەزرەت غىمادى (1863 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1940 ـ يىلى ۋاپات بولغان) 1933 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايغا قەدەر 5 يىل ئىمام، خاتىپ بولغان.

3) مۇھەممەد شـاكىر ھەزرەت مىنھاجىددىن ۋەلى (1883 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1972 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋاپات بولغان) 1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1971 ـ يىلىغا قەدەر 33 يىل ئىمام، خاتىپ بولغان. بۇ ئىككى نەپەر ئىمامنىڭ مىللىتى تاتار بولغاچقا، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ مەسجىدنى شۇ ۋاقىتلاردا «نوغاي مەسجىدى» دەپمۇ ئاتايدىغان بولۇپ قالغان.

4) يۇسـۈپ قارىي خوجە ئەھمەد (1900 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1977 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋاپات بولغان) 1970 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغا قەدەر 6 يىل ئىمام بولغان.

5) ئابلا ھاجى خېلىل (1918 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1983 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋاپات بولغان) 1976 ـ

يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە 6 يىل ئىمام، خاتىپ بولغان.

6) شېرىپجان دامولا ھاجى غوپۇر (1917 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۇغۇلۇپ، 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋاپات بولغان) 1983 ـ يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاز كەم 30 يىل ئىمام، خاتىپ بولغان.

7) مۇھەررەم دامولا ھاجى (1963 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۇغۇلغان) 2002 ـ يىلىدىن بېرى تەكلىپ بىلەن خاتىپلىق قىلغان. 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ رەسمىي ئىمام، خاتىپ بولۇشقا تەيىنلەندى.

8) ھۈسەيىن ئەھمەد قارىي مىرسال (1967 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تۇغۇلغان) 1993 ـ يىلىدىن بېرى نائىب ئىمام بولۇپ كەلمەكتە.

1929 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر تۈركۈم ئىخلاسمەن كىشىلەر بۇ مەسجىدكە مۇئەززىن بولغان، ئۇلار:

1) ئابدۇقادىر ياسىن (1900 ـ 1944)؛ 2) ئەكرەم ئەغزەم (1889 ـ 1945)؛ 3) ھەسەنجان ئەھمەد كەنجى (1893 ـ 1964)؛ 4) كارىپجان تاڭسىر بايتۇقوي (تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس)؛ 5) خېۋىر ئەسئەت (1883 ـ 1976.2)؛ 6) ئىمىن ئاخۇن ئەمەت (1888 ـ 1986)؛ 7) تالىپ ئايىپ (1917 ـ 1997.5.10)؛ 8) تۇرسۇن ھاجى روزى (1916 ـ 1999.4.15)؛ 9) قادىرھاجى مۇھەممەت (1932 ـ يىلى تۇرپان يار يېزا پىيازچىلەر مەھەللىسىدە تۇغۇلغان)؛ 10) ياقۇپ ھاجى رىقىپ.

بۇ مەسجىد يۈز نەچچە يىللىق تارىخى جەريانىدا بەش خىل ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن:

1) بۇ مەسجىد ئۈرۈمچى نەنلياڭ رايونىدا ئەڭ دەسلەپتە سېلىنغان مەسجىد بولغاچقا، دەسلەپتە «نەنلياڭ مەسجىدى» دەپ ئاتالغان.

2) كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ياڭخاڭ مەسجىدى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇنداق ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب، 1851 ـ يىلىدىن 1878 ـ يىلىغىچە چارروسىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سودا ئالاقە قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئوخشىمىغان شەكىلدە تەڭسىز شەرتنامىلەرنى تۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا روسىيە كونسۇلخانىسى قۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، 1895 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچىدە رەسمىي روسىيە كونسۇلخانىسى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى قورۇسى ئىچىدە ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىنىڭ نەنلياڭ رايونىدا ئالاھىدە سودا رايونى بەلگىلەپ، شىمال تەرەپتە ئىتتىپاق يولى تىياتىرخانىسى دوقمۇشى، شەرقتە شامالباغ چېگراسى، جەنۇبتا ئۈچتاش رايونى ، غەربتە ھازىرقى ساي يولى پاسىل قىلىنىپ بېكىتىلىپ، بۇ سودا رايونى ئىچىدە روسىيەلىكلەرنىڭ ئەركىن سودا قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. 1852 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قازان ، ئۇفا ، مەرغۇلان، تاشكەنت ۋە شەمەي قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن روسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەر يۇقىرىدىكى سودا رايونىغا كېلىپ دېخې ياڭخاڭ، دېشىڭ ياڭخاڭ، رىنجۇڭشىڭ ياڭخاڭ ، جىشاڭيۇ ياڭخاڭ، جېلى ياڭخاڭ ، زىشىڭ ياڭخاڭ، ماۋشىڭ ياڭخاڭ ، تيەنشىڭ ياڭخاڭ بولۇپ ئونلىغان سودا چوڭ شىركەتلىرىنى قۇرغان. شۇنىڭ

بىلەن بۇ سودا رايونى «ياڭخاڭ» رايونى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان، ھەمدە مۇشۇ رايونغا سېلىنغان بۇ مەسجىدكىمۇ «ياڭخاڭ مەسجىدى» دېگەن نام سىڭىپ قالغان. بۇ «ئەجنەبىلەر (رايونى) كوچىسى مەسجىدى» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

3) مەسجىد ئۇزاق يىللىق تارىخ جەريانىدا، بۇ مەسجىدتە كۆپ ئۆلىمالار ئىمام بولغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېيىنكى يىللاردا ئابلەھەت ھەزرەت غىمادى (1863-يىلى تۇغۇلۇپ، 1940-يىلى ۋاپات بولغان) 1933-يىلىدىن 1938-يىلى 3-ئايغا قەدەر 5 يىل ئىمام، خاتىپ بولغان، مۇھەممەد شاكىر ھەزرەت مىنهاجىددىن ۋەلى (1883-يىلى تۇغۇلۇپ، 1972-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى ۋاپات بولغان) 1938-يىلى 4-ئايدىن 1971-يىلىغا قەدەر 33 يىل ئىمام، خاتىپ بولغان بۇ ئىككى نەپەر ئىمام تاتار مىللىتىدىن بولغاچقا، شۇ دەۋرلەردە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ مەسجىدنى «نوغاي مەسجىدى» دەپمۇ ئاتايدىغان بولۇپ قالغان.

4) مەسجىدنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلۇشىدا مەسجىدنىڭ سىرتىغا زىننەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن خىشلار كۆك رەڭلىك، مەسجىدنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە كۆك، يېشىل سىرلار بېرىلگەن بولغاچقا، بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ قازاق قېرىنداشلار بۇ مەسجىدنى «كۆك مەسجىد » دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

5) 2005-يىلى مەسجىدنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى تامام بولۇپ، مەسجىد پۈتكەنلىكىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئالدىدا، مەسجىدنىڭ جامائىتى كۆپىيىپ، پائالىيەتلىرى جانلىنىپ، جەمئىيەتتىكى تەسىرى ۋە دەرىجىسى يەنە بىر ھەسسە كۆتۈرۈلۈپ، بۇ مەسجىد ھەر جەھەتتىن ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن جامائەت بۇ مەسجىدنى «بەيتۇلمەئمۇر» دەپ، يەنى «ئاۋات مەسجىد» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق تاپقان. ھازىر مەسجىدتە ناماز ئوقۇيدىغان كۆپ ساندىكى جامائەتلەر ۋە جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەرمۇ «بەيتۇلمەئمۇر» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

ئومۇمەن بۇ مەسجىد ئۆزىنىڭ 120 يىللىق تارىخىدا سېلىنغان ئورنى، ئىمام بولغان ئىمامنىڭ مىللىتى، مەسجىدنىڭ رەڭگى ۋە مەسجىدنىڭ ئومۇمىي شارائىتى ئاساسىدا ھەر خىل ئىسىم-ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر) مەسجىدنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ۋە تەسىرىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن بىر قاتار پرىنسىپلارنى تۈزۈپ، ئۇنى مەسجىدنىڭ باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىدىكى يېتەكچى مىزان قىلدى، ئۇلار:

1. ھەر ۋاقىت مەسجىد جامائەتلىرىنىڭ ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تىرىشىش.

2. مەسجىدتىكى دىنى پائالىيەتلەردە مەسجىدنىڭ ئۇزاق يىللىق ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش.

3. ۋەز-تەبلىغ سۆزلەشتە مەزمۇننىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشىغا، نورمال بولۇشىغا، ساغلام بولۇشىغا، پىكىر جەھەتتە ئېغىپ كەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش.

4. جامائەتنى ھەر جەھەتتىن ساغلام ئىدىيە ۋە ئەقىدە بىلەن يېتەكلەشكە كاپالەتلىك قىلىش.

5. دىنى پائالىيەتلەرنىڭ نورمال، خاتىرجەم، ھۇزۇر بىلەن ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاقىتتا مەسجىد مۇقىملىقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش.

6. مەسجىدكە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ھەرقانداق مېھمانغا مېھمان كۈتۈش قائىدىسى ۋە تاشقى ئىشلار تۈزۈمى بويىچە مۇئامىلە قىلىش.

7. مەسجىدكە دەرد ئېيتىپ كەلگەن كىشى، كەمبەغەل، يولدا قالغان مۇساپىرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ئىمكانقەدەر چىرايلىق يولغا سېلىش.

8. مەسجىد ئەتراپىدىكى ياشانغان، كېسەلچان جامائەتلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، يوقلاپ تۇرۇش.

9. مەسجىدكە ئېلىپ كېلىنگەن مېيىتلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش.

10. يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا، پائالىيەتلىرىگە ماسلىشىش.

يۇقىرىقى قائىدە-مىزانلار ئاساسىدا، ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر) مەسجىدى جامائەتكە پايدىلىق نۇرغۇنلىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ جەمئىيەتتە ياخشى تەسىرلەرنى قوزغىدى. بولۇپمۇ، 2013-يىلقى رامىزان ئېيىدىكى ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرى، دوختۇرخانىدا كېسەللەرنى يوقلاش ئىشلىرى، كوللېكتىپ ھېيتلاش ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغاپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ۋە «ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا بۇ پائالىيەتلەرنى خەۋەر قىلدى.

ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر) مەسجىد باشقۇرۇش ھەيئىتى يېقىنقى يىللاردا مەسجىدنىڭ شارائىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا تىرىشتى. مەسجىد ئىچىگە ئۆلچەملىك جاينامازسېلىش، ئاۋاز ياڭراتقۇلىرىنى يېڭىلاش ، يېقىملىق ئاۋازدا چىقىرىش، مەسجىدنى توك سەرپىياتى تۆۋەن ئالاھىدە ئىقتىدارلىق لامپۇچكىلار بىلەن يورۇتۇش ۋە مەسجىد ئىچىگە كىتاب جاھازىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جامائەتنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىدىن چىقىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. شۇڭا ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر) مەسجىدى 1996-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەڭرىتاغ رايونى بويىچە، 1997-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە، 1998-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە، 1999-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەڭرىتاغ رايونى بويىچە، 2002-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەڭرىتاغ رايونى بويىچە، 2005-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەڭرىتاغ رايونى بويىچە، 2007-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە 2012-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «بەشتە ياخشى دىنى پائالىيەت سورۇنى» بولۇپ باھالاندى. 2000-يىلى جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە «ئىلغار نەمۇنىلىك مەسجىد» دەپ تەقدىرلەندى. 2008-يىلى ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنى، مېيىپلار تەنتەربىيە يىغىنى جەريانىدا «مۇقىملىقنى ئالاھىدە ساقلىغان مەسجىد». 2011-يىلى ئۈرۈمچى شەھەر بويىچە، 2012-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «ئىتتىپاق مەسجىد» بولۇپ باھالاندى. 2013-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ مالىيەسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش جەھەتتە «ئىلغار كوللېكتىپ » بولۇپ باھالاندى. 2013-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەڭرىتاغ رايونى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى «بەشتە ياخشى» دىنى پائالىيەت سورۇنى بولۇپ باھالاندى. 2013-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە «دىنى ئىستىلى ئىلغار كوللېكتىپ » بولۇپ باھالاندى.

ئاللاھ تائالا مەسجىد جامائىتىگە رەھمەت قىلغاي، مەسجىدىمىزنى ھىدايەت يولىدا يېتەكچى قىلىپ بەرگەي. ئامىن!

# ھەدىس شەرھىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الإيمان

### ئىمان ھەققىدە④

3. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ:

« ثَلاَثٌ مَنْ كُنَّ فِيْهِ وَجَدَ حَلاَوَةَ الإِيْمَانِ، أَنْ يَكُوْنَ اللّٰهُ وَرَسُولُهُ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِمَّا سِوَاهُمَا وَأَنْ يُحِبَّ المَرْءَ لَا يُحِبُّهُ إِلَّا لِلّٰهِ وَأَنْ يَكْرَهَ أَنْ يَعُوْدَ فِي الْكُفْرِ كَمَا يَكْرَهُ أَنْ يُقْذَفَ فِي النَّارِ »

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «ئۈچ خىسلەت كىمدە بولسا ، ئىماننىڭ ھالاۋىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭغا باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن سۆيۈملىكرەك بولىشى ، بىر كىشىنى پەقەت ئاللاھنى دوست تۇتۇش مەقسىتىدىلا دوست تۇتقان ھالدا دوست تۇتىشى ، كۇپرىغا قايتىشنى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈشى» .

## المعنى العام (ئۇمۇمى مەنىسى)

﴿ضَرَبَ اللّٰهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَمَآءِ، تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِيْنٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا﴾

تلك الكلمة كلمة التوحيد والإخلاص، إذا غرست فى القلب ونمت وترعرعت بامتثال الأوامر واجتناب النواهى آتت أكلها، وأثمرت حبا لِلّٰهِ ، وحبا لرسوله، وينمو هذا الحب ويزداد، ويرتقى صاحبه بالاستغراق فى الفرائض والنوافل، حتى يغطى حب الله وحب رسوله كل المشاعر، وحتى يكون الله ورسوله أحب إليه من ولده ووالده وماله ونفسه.

﴿ ئاللاھ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈردى: ياخشى سۆز (ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى مۇستەھكەم، شېخى

---

④ «المنهل الحديث في شرح الحديث»دىن بىرىلدى. بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

ئاسمانغا تاقاشقان، رەببىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەختكە ئوخشايدۇ ﴾ (14 ـ سۈرە/ئىبراھىم 24~25 ـ ئايەتلەر).

ئاشۇ سۆز ــ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىش كەلىمىسىدۇر، ئەگەر ئۇ (كەلىمە) ئىنساننىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشسا، بۇيرۇلغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىش، توسقان ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن ئۆسۈپ ـ يېتىلسە، ئۇ مېۋىسىنى بېرىدۇ. ئۇ ــ ئاللاھنى دوست تۇتۇش، ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى دوست تۇتۇش، بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، بۇ دوست تۇتۇش يۈكسىلىدۇ، كۈچىيىدۇ، دوست تۇتقۇچى پەرز ۋە نەفلە ئىبادەتلەرنى بىرلىكتە قىلىش بىلەن يۇقىرى ئۆرلىگىنىچە، ئاخىرى ئاللاھنى دوست تۇتۇش، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى دوست تۇتۇش (ئۇ كىشىنىڭ) سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى قاپلايدۇ، ھەتتا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭغا بالىسىدىن، دادىسىدىن، مال ـ دۇنياسىدىن، ۋە جېنىدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بولىدۇ.

وتبرز آثار هذا الحب فى امتثال أمر الله، والتلذذ بالعبادة والتكاليف الشاقة والرضا بقضائه وقدره، بل يتلقى المحنة بالنفس الراضية المطمئنة وبنفس الروح التى يتلقى بها المنحة.

بۇ دوست تۇتۇش ئالامەتلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتا، ئىبادەتنى ۋە جاپالىق دىنى مەجبۇرىيەتلەرنى ھوزۇر ھېس قىلىشتا، ئاللاھنىڭ ھۆكمى تەقدىرىگە رازى بولۇشتا گەۋدىلىنىپلا قالماستىن بەلكى ئۇ (دوست تۇتقۇچى) رازىمەن، خاتىرجەم روھى كەيپىيات بىلەن، سوۋغىنى قوبۇل قىلىدىغان روھى كەيپىياتنىڭ ئۆزى بىلەن قىيىن سىناقنى قوبۇل قىلىدۇ.

فالمحب يرضى بل يحب كل أفعال المحبوب، ويحرص على أن لا يخالفه أو يغضبه، ويتفرع عن هذا الحب حب من يحبه الله ورسوله من أجل حب الله ورسوله، ويتفرع عن هذا الحب حب الصالحين ومجالستهم والاقتداء بهم وتتبع سيرتهم، والميل إليهم، لا لشيء إلا لأنهم صالحون، ولأن حبهم من حب الله، و لِلهِ، وفى الله.

دوست تۇتقۇچى رازى بولۇپلا قالماستىن بەلكى دوست تۇتۇلغۇچىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ياختۇرىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى ئىش قىلماسلىققا ياكى ئۇنى ئاچچىقلاتماسلىققا كۆڭۈل بۆلىدۇ، بۇنداق دوست تۇتۇشتىن، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى دوست تۇتۇش ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى دوست تۇتقان كىشىنى دوست تۇتۇش تارماقلىنىدۇ، بۇنداق دوست تۇتۇشتىن سالىھلارنى ۋە ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىنى دوست تۇتۇش، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىغا ئەگىشىش، ئۇلارغا يۈزلىنىش تارماقلىنىدۇ، (بۇنداق بولىشى) پەقەت ئۇلار سالىھ كىشىلەر بولغانلىقى، ۋە ئۇلارنى دوست تۇتۇش ئاللاھنى دوست تۇتۇشنىڭ جۈملىسىدىن بولغانلىقى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولغانلىقى، ئاللاھنىڭ يولىدا بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئىش ئۈچۈن.

ويتفرع عن هذا الحب بغض ما يبغضه الله ورسوله، وبغض الكفار والفسقة والعاصين. وينتج عن هذا الحب وذلك البغض بغض لأن يعود المؤمن إلى ذلك الظلام، ظلام الكفر بعد أن أنقذه الله منه وأخرجه إلى النور.

بۇ دوست تۇتۇشتىن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ياخشى كۆرمىگەن ئىشنى ئۆچ كۆرۈش، كۇپرىلىق قىلغۇچىلار، گۇناھدىن قول ئۈزمەيدىغان پاسىقلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چەتنىگەن ئاسىيلارنى ئۆچ كۆرۈش تارماقلىنىپ چىقىدۇ، بۇ دوست تۇتۇش ۋە ئاشۇ ئۆچ كۆرۈشتىن ئاللاھ مۇئمىن كىشىنى زۇلمەتتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ۋە ئۇنى يورۇقلۇققا چىقارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ

ئاشۇ زۇلمەتكە: كۇپرىلىقنىڭ زۇلمىتىگە قايتىشنى ئۈچ كۆرۈشى كېلىپ چىقىدۇ.

من بلغ هذه الدرجة من الحب بلغ قمة الإيمان، وتمتع بحلاوته وسعد بسموّه ونوره وهدايته، وكانت له الجنات العلى مع النبيين والصديقين والشهداء والصالحين وحسن أولئك رفيقا .

كىم دوست تۇتۇشنىڭ بۇ دەرىجىسىگە يەتسە ئىماننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولىدۇ، ئىماننىڭ ھالاۋىتىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ، ئىماننىڭ يۈكسەكلىكى، ئۇنىڭ نۇرى ۋە ئۇنىڭ ھىدايىتىدىن بەخت ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر، سالىھلار بىلەن ئالى جەننەتلەر ھازىرلانغان بولىدۇ. بۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!

## المباحث العربية (ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر)

« ثلاث من كن فيه» « ثلاث » مبتدأ، والجملة بعده الخبر، وجاز الإبتداء به وهو نكرة لأن التنوين عوض عن المضاف إليه، والتقدير ثلاث خصال وحذف المعدود يجيز تذكير العدد وتأنيثه، فيصح أن نقول : ثلاثة، أي ثلاثة أمور، و « كان » تامة هنا، أى من وجدن فيه.

« ثَلَاثٌ مَنْ كُنَّ فِيْهِ» « ئۈچ خىسلەت كىمدە بولسا » ئىبارىسىدىكى « ثلاث » دېگەن سۆز مۇبتەدا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملە خەۋەر، ئىنىقسىز ھالەتتە بولغان ئۇ «سۆز-ثلاث» نىڭ مۇبتەدا بولۇشى جائىز بولىدى، چۈنكى ئۇ « ثلاث» نىڭ تونلىشىشى چۈشۈپ قالغان ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئىككىنچى ئەزاسىنىڭ تولۇقلىمىسى. قىياس قىلىنىشى: «ثلاث خصال» «ئۈچ خىسلەت»، سانالغۇچىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، ساننىڭ ئەرلىك جىنسى تۇردە كېلىشىنىمۇ ۋە ئاياللىق جىنسى تۇردە كېلىشىنىمۇ جائىز قىلىدۇ. بىزنىڭ « ثلاث » يەنى «ثلاثة أمور» «ئۈچ ئىش» دېيىشىمىزمۇ توغرا بولىدۇ، «كان » پېئىلى بۇ يەردە تولۇق پېئىل، «من كن فيه» دېگەننى «من وجد فيه» «كىمدە مەۋجۇد بولسا» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«وجد حلاوة الإيمان» أى أحس وشعر بحلاوة الإيمان، فحلاوة الإيمان موجودة فى المؤمن بوجود الإيمان، لكنه لا يحسها ولا يستلذها إلا من كانت عنده هذه الخصال الثلاث، فالمؤمن مثله مثل آكل العسل، حلاوة العسل محققة فى آكله، لكن إن كان الآكل فى صحة وراحة بال فهو يستطيبه ويحس به ويتلذذ بحلاوته، وإن لم يكن فى صحة، أو كان مشغول البال مهموما بأمر من الأمور لم يحس له طعما ولم يشعر بحلاوته، وكذالك المؤمن إن حصل الصفات الثلاث وجد حلاوة الإيمان، وإلَّا لم يسعد بإيمانه فى دنياه ولم ينتفع به النفع الكامل فى أخراه.

«وجد حلاوة الإيمان» «ئىماننىڭ ھالاۋىتىگە ئېرىشىدۇ» ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى ھېس قىلىدۇ، سېزىدۇ، ئىماننىڭ تاتلىق ھالاۋىتى مۇئمىن كىشىدە ئىمان مەۋجۇت بولغانلىقتىن مەۋجۇت. لېكىن، ئۇنى پەقەت ئۆزىدە بۇ ئۈچ خىسلەت بولغان كىشىلا ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ. مۇئمىن كىشىنىڭ مىسالى ھەسەل يېگۈچىگە ئوخشاش، ھەسەلنىڭ تاتلىق تەمى ئۇنى يېگۈچىدە مۇئەييەنلەشكەن «بولىدۇ»، لېكىن يېگۈچى سالامەت بولسا ئۇنداقتا ئۇ ئۇ «ھەسەل»نى ياخشىكەن دەپ بىلىدۇ، ئۇنى سېزەلەيدۇ، ئۇنىڭ تاتلىق تەمىدىن لەززەتلىنەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ «يېگۈچى» ساغلام

بولمىسا ياكى كۆڭلى بىئارام بولسا، بىرەر ئىش بىلەن غەمكىن بولسا ئۇنىڭ تەمىنى سىزەلمەيدۇ، ئۇنىڭ تاتلىق تەمىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئاشۇنىڭغا ئوخشاش مۇئمىن كىشى ھېلىقى ئۈچ سۈپەتكە ئىگە بولسا، ئىماننىڭ ھالاۋىتىگە ئېرىشىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئىمانى بىلەن بۇ دۇنيادا بەختلىك بولالمايدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ «ئىمانى»دىن تولۇق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

وقد جاء فى بعض الروايات "وجد طعم الإيمان" وهى بمعنى الرواية المذكورة، لأن طعم الإيمان عند المؤمن لا يكون إلا حلوا . ولما كان الطعم والحلاوة من صفات المطعومات كان التعبير بها فى جانب الإيمان مجازيا على سبيل الاستعارة التصريحية، بتشبيه انشراح الصدر بالحلاوة.

«ھەدىس»نىڭ بەزى رىۋايەتلىرىدە « وجد طعم الإيمان » «ئىماننىڭ تەمىنى ھېس قىلىدۇ» دەپ كەلدى، ئۇ يۇقۇردا تىلغا ئېلىنغان رىۋايەتتىكى مەنىدە، چۈنكى ئىماننىڭ مۇئمىنلەردىكى تەمى پەقەتلا تاتلىق بولىدۇ. تەم ۋە ھالاۋەت (تاتلىقلىق، تاتلىق تەم) يېمەكلىكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغىنىدا ئىماننىڭ مىقدارىنى ئۇ تاتلىق تەم بىلەن ئىپادىلەش، كۆڭۈلنىڭ مەمنۇنلىقى تاتلىق تەمگە ئوخشىتىلغانلىقتىن ئاشكارا ئىستىئارە (الاستعارة التصريحية) دا كەلگەن بىر كۆچمە مەنا بولىدۇ.

«أن يكون الله ورسوله أحب إليه مما سواهما» المصدر المنسبك من « أن » والفعل خبر لمبتدأ محذوف، تقديره: هى أى الخصال الثلاث كذا وكذا وكذا إن روعى المجموع، وتقديره إحداها كذا ، وثانيتها كذا، وثالثتها كذا إن روعى كل من الثلاث على حدة.

« أن يكون الله ورسوله أحب إليه مما سواهما» « ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭغا باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈكرەك بولۇشى» « أن » ۋە پېئىلدىن قېلىپلاشقان مەستەر چۈشۈپ قالغان مۇپتىدانىڭ خەۋىرى، ئەگەر يىغىندىسى نەزەرگە ئېلىنسا ئۇنىڭ قىياسى: ئۇلار «ئۈچ خىسلەت» مۇنداق مۇنداق ۋە مۇنداقتۇر «دېگەن بولىدۇ». ئەگەر ئۈچىنىڭ ھەر بىرى ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىنسا قىياس قىلىنىشى: بىرىنچىسى مۇنداق، ئىككىنچىسى مۇنداق، ئۈچۈنچىسى مۇنداق «دېگەن بولىدۇ».

« وأن يكره أن يعود فى الكفر » يقال : عاد إلى كذا أى رجع إليه، وعاد فيه مضمن معنى استقر، أى رجع إليه وانغمس واستقر فيه.

« وأن يكره أن يعود فى الكفر» «كۇپرىغا قايتىشنى يامان كۆرۈش» «پالانى يەرگە قايتتى» دېگەن مەنىدە «عاد إلى كذا » « رجع إليه » دېيىلىدۇ. «عاد فيه» ئىبارىسى « استقر» «ئورۇنلاشتى» مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەنا: «ئۇنىڭغا قايتىپ، پاتتى، قارار تاپتى» بولىدۇ.

« كما يكره أن يقذف فى النار » أى كراهة مشابهة لكراهته أن يقذف فى النار، فقوله « كما يكره » صفة لمصدر محذوف . و « ما » مصدرية .

«كما يكره أن يقذف فى النار» «ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك» مەنا: ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرۈشكە ئوخشاش يامان كۆرىدىغان دەرىجىدە، « كما يكره » سۆز، چۈشۈپ قالغان مەسدەرنىڭ

سۈپىتى، «كما» دىكى «ما» مەسدەر قوشۇمچىسى.

## فقه الحديث (ھەدىسشۇناسلىق)

الحب الميل إلى الشئ، وهو نوعان، جبلي يغرسه الله فى القلب فيحس صاحبه ميلا لا سلطان له على دفعه، ولا قدرة له فى اكتسابه، ومن هذا النوع قوله صلى الله عليه وسلم: [ اَللّٰهُمَّ إن هذا قسمى فيما أملك فلا تؤاخذنى فيما تملك ولا أملك ] والنوع الثانى مكتسب بتناول أسبابه، فحب المؤمن لِلّٰهِ ينشأ عن التفكير فى فضله ونعمائه فيتقرب إليه جل شأنه بالفرائض والنوافل، حتى يكون أمر الله وطاعته هى كل شيء فى حياته ، وكذلك الحال بالنسبة للرسول صلى الله عليه وسلم اعترافا بفضله وجهاده فى سبيل إخراج الناس من الظمات إلى النور.

دوست تۇتۇش بىرنەرسىگە بېرىلىپ كېتىشتۇر، ئۇ ئىككى خىل، بىرى تۇغۇلما بولۇپ ئۇنى ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ-دە شۇنىڭ بىلەن دوست تۇتقۇچى بىر مايىللىقنى ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئۇنى رەت قىلىشقا ھېچبىر زورلىنىش بولمايدۇ. ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىمۇ ئۇنىڭ ھېچبىر ئىقتىدارى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى مۇشۇ تۈردىن: «ئى ئاللاھ! بۇ ھەقىقەتەن مەن ئىگە بولۇۋاتقان ئىشتىكى مېنىڭ ئۈلۈشۈم، سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغان، مەن ئىگە بولالمايدىغان ئىشتا مېنى كەچۈرگىن».

ئىككىنچى خىلى، سەۋەب-تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىش بىلەن كېيىن شەكىللەنگىنى. مۇئمىن كىشىنىڭ ئاللاھنى دوست تۇتۇشى، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە نېمەتلىرىنى ئويلىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھقا پەرز ۋە نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلاشقىنىچە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىردىن بىر ئىش بولىدۇ. ئاشۇنىڭغا ئوخشاش پەيغەمبەرگە نىسبەتەن ئەھۋال ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۇنىڭ ئىنسانلارنى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش يولىدىكى كۈرىشىنى ئېتىراپ قىلىش بولىدۇ.

وللحب علامات وآثار لا يوجد بدونها، فطاعة المحبوب والحرص على رضاه دليل المحبة ، وصدق الله العظيم حيث يقول : ﴿قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ...﴾ (سورة آل عمران الآية 31).

دوست تۇتۇشنىڭ ئالامەت ۋە بەلگىلىرى بار، دوست تۇتۇش ئۇ «ئالامەت ۋە بەلگىلەر»سىز مەۋجۇد بولمايدۇ. دوست تۇتۇلغۇچىغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ رازىمەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈش دوست تۇتۇشنىڭ دەلىلى. ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ﴾ (3-سۈرە/ئال ئىمران 31-ئايەت).

فقيام المؤمن المحب لربه بالتكاليف الشاقة ليس للحب العقلى كشرب الدواء المر- كما يرى البيضاوي- ولكن للتلذذ بالتكاليف وأدائها، وعدم الشعور بمشقتها، فهى حلوة عنده، تهفو إليها نفسه وتسعد بها مشاعره.

ئۆزىنىڭ رەببىنى دوست تۇتقۇچى مۆئمىننىڭ جاپالىق دىنىي مەجبۇرىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى خۇددى (ئىمام بەيزاۋى قارىغاندەك) ئاچچىق دورىنى ئىچىشكە ئوخشاش بولۇپ ئۇ مەنىۋى (تاشقى سەزگۇ بىلەن بىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان) دوست تۇتۇش ئۇچۇن ئەمەس بەلكى دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ۋە ئۇنى ئادا قىلىشنى هوزۇر هېس قىلغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭ جاپاسىنى سەزمىگەنلىكى ئۇچۇن. ئۇ (جاپالىق دىنى مەجبۇرىيەتلەر) ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆڭلى تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، سەزگۇلىرى ئۇنىڭدىن شاتلىق هېس قىلىدىغان بىر تاتلىق تەمدۇر.

وإذا وصل المؤمن إلى هذه الحالة كمل إيمانه، وشعر بحلاوة الإيمان وحصلت عنده الخصلتان الأخيرتان حصولا لازما تبعيا.

ئەگەر مۆئمىن كىشى بۇ هالەتكە يەتسە ئۇنىڭ ئىمانى مۇكەممەل بولىدۇ، ئۇ ئىماننىڭ تاتلىق تەمىنى هېس قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئاخىرقى ئىككى خىسلەتمۇ مۇقەررەر ئارقىدىنلا هاسىل بولىدۇ.

## ويؤخذ من الحديث (هەدىستىن مۇنۇلار ئېلىنىدۇ)

1. أن للإيمان حلاوة ولذة يحسها المقربون؛

ئىماننىڭ ئاللاهقا يېقىنلاشقان (سائادەتمەن) كىشىلەر هېس قىلالايدىغان تاتلىق تەمى ۋە لەززىتىنىڭ بارلىقى ؛

2. الحث على اتباع الأوامر واجتناب النواهي، والإكثار من النوافل لنيل محبة الله ورسوله.؛

ئاللاهنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىش ئۇچۇن بۇيرۇلغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىشقا، چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىنىشقا ۋە نەپلە ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا ئۇندەش ؛

3. الحث على إخلاص محبة الناس وتمحيضها لِلهِ تعالى، فحب الناس حبا مشتركا بين الله وبين النفع الدنيوى - كمحبة الصالحين لأنهم صالحون وللانتفاع منهم بالمعاملات الدنيوية – وإن كان حسنا وممدوحا شرعا لكنه لا يصل بصاحبه إلى المرتبة المطلوبة، التى بها يجد حلاوة الإيمان وجودا كاملا . والمراد من المرء المحبوب على هذا، المرء المسلم الصالح فإن الكافر والفاسق ينبغى أن يبغضا فى الله، مصداقا لقوله تعالى:

﴿ لَا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوْا آبَاءَهُمْ أَوْ أَبْنَاءَهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيْرَتَهُمْ ﴾ (سورة المجادلة الآية 22)؛

ئىنسانلارنى دوست تۇتۇشتا سەممىمي بولۇشقا، ۋە بۇ دوست تۇتۇشنى ئاللاه ئۇچۇن خالىس قىلىشقا ئۇندەش. كىشىلەرنى ئاللاه بىلەن دۇنياۋى مەنپەئەتنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرگەن دەرىجىدە دوست تۇتۇش ـ سالىه كىشىلەرنى ئۇلار سالىه بولغانلىقى، ئۇلاردىن دۇنياۋى مۇئامىلە ئىشلىرىدا پايدىلىنىدىغانلىقى ئۇچۇن دوست تۇتقاندەك بولۇپ، ئۇ ياخشى، ماختاشقا لايىق، شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولسىمۇ لېكىن ئۇ دوست تۇتقۇچىنى ئىماننىڭ هالاۋىتىنى مۇكەممەل هېس قىلىدىغان، ئۇمىد قىلىنغان مەرتىبىگە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ياخشى كۆرۈلىدىغان كىشىدىن ئىرادە

قىلىنغىنى سالىھ مۇسۇلمان كىشى. چۈنكى كاپىر ۋە پاسىقلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىل بولغان ھالدا ئاللاھ تەرىپىدىن ياقتۇرۇلمايدۇ:

﴿ ئاللاھقا ۋە ئەخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ــ ئۇلار ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى ياكى قېرىنداشلىرى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ــ دوست تۇتمايدىغانلىقىنى كۆرىسەن ﴾ (58 ـ سۈرە/مۇجادىلە 22 ـ ئايەت).

## الأسئلة (سوئاللار)

1. شرح الحديث إجمالا، ثم أعرب « ثلاث من كن فيه » ؟
ھەدىسنى يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈڭ، ئاندىن « ثلاث من كن فيه » دېگەن جۈملىگە ھەرىكە قويۇڭ.

2. وما معنى وجود حلاوة الإيمان؟ وكيف لا يجدها إلا من حصل الثلاث وهى ملازمة للإيمان؟ وضح المعنى ؟ وصوره بالمحسوس.
ئىماننىڭ ھالاۋىتىگە ئېرىشىشنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭغا قانداقسىگە ئىماندىن ئايرىلمايدىغان ئۈچ خىسلەتكە ئىگە بولغان كىشىلا ئېرىشەلەيدۇ؟ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈڭ ۋە ئۇنى كونكرېت بايان قىلىڭ.

3. وما توجيه « وجد حلاوة الإيمان » مع أن الحلاوة من صفات المطعومات ؟
ھالاۋەت (تاتلىق تەم) يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن تۇرۇقلۇق «ئىماننىڭ ھالاۋىتىگە ئېرىشىش» نىڭ قاراتمىلىقى نېمە؟

4. وما موقع المصدر « أن يكون » ؟ ماذا أفاد التعبير بالظرفية فى قوله « وأن يكره أن يعود فى الكفر » ؟
« أن يكون » دېگەن قىياسى مەستەرنىڭ گىراماتىكىلىق ئورنى نېمە؟ « وأن يكره أن يعود فى الكفر» ؟ سۆزىدە « فى الكفر» دە « فى » بىلەن ئىپادىلەش نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

5. وما موقع « كما يكره أن يقذف فى النار» ؟ وما نوع « ما » فيه ؟
«كما يكره أن يقذف فى النار» نىڭ گىراماتىكىلىق ئورنى نېمە؟ ئۇنىڭدىكى «ما» نىڭ تۈرى قايسى؟

6. وكيف يطلب الحب وهو جبلي كثيرا؟
دوست تۇتۇش كۆپىنچە تۇغۇلما خاراكتېرلىق تۇرۇغلۇق ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشىلىدۇ؟

7. وبم يكتسب المؤمن حبه لِلّٰهِ ولرسوله؟ وما علامات هذا الحب؟
مۇئمىن كىشى ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە قانداق ئېرىشىدۇ؟ بۇنداق ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالامەتلىرى نېمە؟

8. وما علاقة الخصلتين الأخيرتين بالأولى ؟
ئاخىرقى ئىككى خىسلەتنىڭ بىرىنچىسى بىلەن مۇناسىۋىتى نېمە؟

9. وماذا ترى فى محبة الصالحين لصلاحهم وللانتفاع الدنيوى منهم؟
سالىھ كىشىلەر سالىھ بولغانلىقى، ئۇلار تەرىپىدىن دۇنياۋى مەنپەئەتلەرگە ئېرىشەلىگەنلىكى

ئۇچۇن ئۇلارنى دوست تۇتۇش ھەققىدە قانداق قارايسىز؟

10. وما المراد من المرء المحبوب مع التوجيه؟
«دوست تۇتۇلىدىغان كىشى»دىن قاراتمىلىق ھالدا كۆزدە تۇتۇلغىنى نېمە؟

11. وماذا تأخذ من الحديث من الأحكام ؟
ھەدىستىن سىز ئالىدىغان ھۆكۈملەر قايىسى؟

## شرح الكلمات

| | |
|---|---|
| ثَلاَثٌ = ثَلاَثُ خِصَالٍ | ئۈچ خىسلەت |
| خَصْلَةٌ ج خِصَالٌ / خُلْقٌ فى الاِنْسَانِ | خۇلۇق، خاراكتىر، مىجەز، خىسلەت |
| حَلاَوَةٌ / طَعْمٌ لَذِيْذٌ | تاتلىق تەم، ھالاۋەت |
| حَلاَوَةُ الإِيْمَانِ / طَعْمُهُ وَلَذَّتُهُ | ئىماننىڭ لەززىتى، ئىماننىڭ تەمى، ھالاۋىتى |
| حَلاَوَةُ الإِيْمَانِ / الرِّغْبَةُ فِي الإِيْمَانِ | ئىمانغا بولغان قىزىقىش، رىغبەت |
| حَلاَوَةُ الإِيْمَانِ / إِسْتِلْذَاذُ الطَّاعَاتِ | تائەت ـ ئىبادەتتىن ھوزۇر ھېس قىلىش |
| أَحَبُّ إِلَيْهِ مِنْ ... | . . . ئۇنىڭغا . . . دىن سۆيۈملۈكرەك |
| المَرْءُ / الرَّجُلُ | ئادەم، كىشى، ئەر، (« مَرْءٌ »نىڭ ئەسلىسى « إِمْرُؤٌ » بولۇپ ئېنىق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ باشتىكى ھەمزىسى مۇقەررەر چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭ كۆپلۈك سانى تەلەپپۇزى ئوخشىمىغان ھالدا «رِجَالٌ» بولىدۇ). |
| لِلّهِ/ مِنْ أَجْلِ حُبِّ اللهِ | ئاللاھنى دوست تۇتۇش مەقسىدىدە |
| أَحَبَّ يُحِبُّ حُبًّا فُلاَنًا / وَدَّهُ وَمَالَ إِلَيْهِ بِقَلْبِهِ | دوست تۇتتى، كۆڭۈل بەردى، ياخشى كۆردى. |
| كَرِهَ يَكْرَهُ كُرْهًا الشَيْءَ / ضِدَّ أَحَبَّهُ . مَقَتَهُ . أَبْغَضَهُ | يامان كۆردى، ئۆچ كۆردى، ياقتۇرمىدى |
| يَكْرَهُ أَنْ ... كَمَا يَكْرَهُ أَنْ / يَكْرَهُ ذَلِكَ كَرَاهَةً مِثْلَ كَرَاهَتِهِ كَذَا... | . . . نى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرىدۇ. |
| كُفْرٌ /ضِدُّ الإِيْمَانِ | ئىشەنمەسلىك، ئىمانسىزلىق، كۇپرى |
| قَذَفَ يَقْذِفُ قَذْفًا فُلاَنًا فِي ... / دَفَعَهُ | ئىتتىردى، تاشلىدى |
| أَنْ يُقْذَفَ فِي النَّارِ | (ئۇنىڭ) ئوتقا تاشلىنىشى. |

## المعنى العام

| | |
|---|---|
| ضَرَبَ مَثَلاً / أَوْرَدَهُ . ذَكَرَهُ . أَعْطَاهُ | مىسال كەلتۈردى، مىسال قىلدى، مىسالغا ئالدى |
| ضَرَبَ لَهُ مَثَلًا كَذَا... | . . . گە . . . نى مىسال قىلىپ كەلتۈردى |
| ضَرَبَ اللهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً | ئاللاھ ياخشى سۆزنى (ئىمان كەلىمىسىنى) مىسال قىلىپ كەلتۈردى. |
| شَجَرَةٌ طَيِّبَةٌ / نَخْلَةٌ | ئېسىل دەرەخ، خورما |
| تَوْحِيْدٌ / اعتقاد وحدانية الله تعالى | ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش |

| | |
|---|---|
| كَلِمَةُ التَّوْحِيْدِ | « لا إلٰه الا الله » سۆزى، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەن سۆز. |
| إِخْلَاصٌ / تَصْفِيَةُ الْأَعْمَالِ مِنَ الْكُدُورَاتِ | ئەمەلنى ناپاكلىقتىن ساپلاشتۇرۇش، ئەمەلنى خالىس قىلىش |
| كَلِمَةُ الإِخْلَاصِ / كَلِمَةُ تَرْكِ الرِيَاءِ فِي الطَاعَاتِ | ئاللاغا خالىس ئىبادەت قىلىش سۆزى |
| كَلِمَةُ التَّوْحِيْدِ وَالإِخْلَاصِ | ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە چىن كۆڭۈلدىن ئىشىنىش سۆزى |
| كَلِمَةٌ طَيِّبَةٌ / كلمة الإيمان | ياخشى سۆز، ئىمان سۆزى، كەلىمە تەيىيبە |
| غَرَسَ يَغْرِسُ غَرْسًا الشَجَرَ / أَثْبَتَهُ فِي الأَرْضِ | كۆچەت تىكتى، سالدى، كۆچەت قويدى |
| غُرِسَتْ « كَلِمَةُ التَوْحِيْدِ » فِي القَلْبِ | ئىمان سۆزى كۆڭۈلدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى |
| تَرَعْرَعَ الصَّبِيُّ / نَشَأَ وَشَبَّ | ئۆسۈپ يېتىلدى، يېتىلدى |
| اِمْتَثَلَ أَمْرَهُ / أَطَاعَهُ | بۇيرۇقىغا بويسۇندى |
| بِاِمْتِثَالِ الأَوَامِرِ | بۇيرۇلغان ئىشلارغا بويسۇنۇش بىلەن |
| اِجْتَنَبَ الشَيْءَ | ...دىن يىراقلاشتى، ساقلاندى |
| اِجْتِنَابُ النَوَاهِي | چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراقلىشىش، ساقلىنىش |
| أَتَى الشَجَرُ / ثَمَرَ | مېۋىلىدى، مېۋە بەردى |
| آتَتْ الشَجَرَةُ أُكُلَهَا | دەرەخ مېۋە بەردى |
| أَثْمَرَ الشَجَرُ الثَمَرَ / أَخْرَجَهُ | ئۆسۈپ مېۋە بەردى، مېۋىلىدى |
| أَثْمَرَ مَالُهُ / كَثُرَ | كۆپەيدى، |
| أَثْمَرَ الشَّيْءَ / أَتَى بِنَتِيْجَتِهِ | نەتىجىلەندى، نەتىجىگە ئىگە بولدى. |
| أَثْمَرَتْ حُبًّا لِلّٰهِ | ئاللاھنى دوست تۇتۇش بىلەن نەتىجىلەندى |
| اِسْتَغْرَقَ فِي كذا / اِنْشَغَلَ وَانْهَمَكَ فِي ... | بېرىلىپ قىلدى، شۇغۇللاندى |
| اِسْتَغْرَقَ فِي الضَحْكِ / بَالَغَ فِيْهِ | قاتتىق كۈلدى |
| الْاِسْتِغْرَاقِ فِي الفَرَائِضِ والنَوَافِلِ | پەرز ۋە نەفل ئىبادەتلەرگە بېرىلىش |
| غَطَّاهُ / وَارَاهُ وَسَتَرَهُ | ياپتى، قويىنىغا ئالدى؛ ئىگىلىدى |
| يُغَطِّي حَبُّ اللهِ كُلَّ المَشَاعِرِ | ئاللاھقا بولغا مۇھەببەت بارلىق سەزگۈلەرنى ئىگەللەيدۇ. |
| مَشْعَرٌ ج مَشَاعِرُ / أَحَدُ الْحَوَاسِ بَعْدَ خِفَاءٍ | سەزگۈ ئەزا |
| بَرَزَ يَبْرُزُ بُرُوزًا الشيءُ / ظَهَرَ بَعْدَ خِفَاءٍ | ئاشكارا بولدى، گەۋدىلەندى، كۆرۈندى، ئىپادىلەندى |
| بَرَزَ فِي الْعِلْمِ / تَمَيَّزَ بِهِ وَفَاقَ | ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى |
| أَثَرٌ ج آثَارٌ / عَلَامَةٌ | ئالامەت، بەلگە |
| آثَارُ هَذَا الحُبِّ | بۇ مۇھەببەتنىڭ ئالامەتلىرى |
| تَكْلِيْفٌ ج تَكَالِيْفُ بِالأَمْرِ / فَرْضُهُ عَلَى مَنْ يَسْتَطِيْعُ أَنْ يَقُومَ بِهِ | قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى، ۋەزىپىسى، دىنىي مەجبۇرىيەت |

| | |
|---|---|
| تَلَذَّذَ بِالشَّيْءِ / وَجَدَهُ لَذِيْذًا | لەززەتلىك ھېس قىلدى، ھوزۇر ھېس قىلدى |
| التَلَذُّذُ بِالعِبَادَةِ والتَكَالِيْفِ الشَاقَّةِ | جاپالىق ئىبادەت ۋە مەجبۇرىيەتلەردىن ھۇزۇر ھېس قىلىش |
| مِحْنَةٌ / بَلاءٌ ، شِدَّةٌ | مۇشەققەت، بالا ـ قازا، قىيىنچىلىق، قېيىن سىناق |
| بِالنَّفْسِ الرَاضِيَةِ المُطْمَئِنَّةِ | رازىمەن خاتىرجەم روھى ھالەت بىلەن |
| بِنَفْسِ الرُوْحِ التى يَتَلَقَّى بِهَا المِنْحَةَ | سوغىنى قوبۇل قىلىدىغان روھى ھالەتنىڭ ئۆزى بىلەن |
| مِنْحَةٌ / عَطِيَّةٌ | سوغا، ھەدىيەت |
| خَالَفَهُ / ضِدَّ وَاقَفَهُ | قوشۇلمىدى، قوللىمىدى، قارشى تۇردى. |
| أَغْضَبَهُ / حَمَلَهُ عَلَى الْغَضَبِ | ئاچچىقىنى كەلتۈردى، ئاچچىقلاتتى. |
| تَفَرَّعَ الشَيْءُ مِنَ الشَيْءِ / تَشَعَّبَ مِنْهُ وَكَانَ فُرُعًا له | تارماقلاندى، شاخلاندى |
| حُبُّ الصَالِحِيْنَ وَمُجَالَسَتِهِمْ | ياخشىلارنى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرۈش |
| الاِقْتِدَاءُ بِهِمْ وَتَتَبُّعُ سِيْرَتِهِمْ | ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىغا ئەگىشىپ مېڭىش. |
| المَيْلُ إِلَيْهِمْ | ئۇلارنىڭ تەرەپدارىدا بولۇش |
| سِيْرَةٌ / طريقة . مذهب | تۇتقان يول |
| مَيْلٌ / إِتِّجَاهٌ | يۈزلىنىش |
| تَتَبَّعَهُ / قَفَاهُ مُتَّبِعًا لَهُ | ئەگەشتى |
| لَا لِشَيْءٍ اِلَّا لِأَنَّهُمْ صَالِحُونَ | ئۇلار پەقەت ياخشى بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئىش ئۈچۈن. |
| بَغَضَ يَبْغُضُ بُغْضًا الشَيْءَ / مَقَتَهُ وَكَرِهَهُ | ئۆچ كۆردى، نەپرەتلەندى، ياقتۇرمىدى |
| عَاصٍ ج عُصَاةٌ / خَارِجٌ عَنْ الطَاعَةِ ، مُتَمَرِّدٌ | ئىتائەتتىن چىققۇچى، ئاسىي، ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چەتنىگۈچى. |
| نَتَجَ يَنْتِجُ نَتْجًا و نَتَاجًا الشَيْءُ مِنَ الشَّيْءِ / خَرَجَ مِنْهُ . صَدَرَ عَنْهُ... | ...دىن كېلىپ چىقتى |
| صِدِّيْقٌ ج صِدِّيْقُونَ / دَائِمُ التَصْدِيْقِ | دائىم راستچىل بولغۇچى، سەممىي، ئىشەنچىلىك. |
| صِدِّيْقٌ / مَنْ يُصَدِّقُ قَوْله بِالْعَمَلِ | سۆز ـ ھەركىتى بىردەك كىشى |
| صِدِّيْقٌ / مَنْ يَأْتِي بَعْدَ النَبِيِّ فِي صِحَّةِ الإِيْمَانِ وَقُوَّتِهِ | سىددىق، سىددىقلەر (ئىماننىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە كۈچلۈكلىكىدە پەيغەمبەرلەردىن كېيىن تۇرىدىغان كىشى) |
| الفَاسِقُ ج فَسَقَةٌ : اَلْفَاجِرُ الخَارِجُ عَنْ طَرِيْقِ الصّلاح الَّذِيْ لا يُبَالى بِأَحْكَامِ الدِّيْنِ | پاسىق (توغرا ئىش ـ يولدىن چەتنىگەن، دىنى ئەھكاملارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان گۇناھكار) |
| حَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيْقًا | ئۇلار نېمە دېگەن ياخشى ھەمراھلار |

| | |
|---|---|
| حَسُنَ / نِعْمَ | نېمە دېگەن ياخشى |

## المباحث العربية

| | |
|---|---|
| الاِبْتِدَاءُ بِهِ | ...بىلەن باشلىنىش،...نىڭ مۇبتەدا بولۇپ كېلىشى |
| التَّنْوِيْن | نونلىنىش، (سۆز ئاخىرىدىكى ئالامەتلىرى) |
| عِوَضٌ / بَدَلٌ . خَلَفٌ | ئورنىدىكى نەرسە، تولۇقلىما. |
| حَذْفُ المَعْدُودِ يُجِيْزُ تَذْكِيْرَ العَدَدِ وَتَأْنِيْثَهُ | سانالغۇچىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ساننىڭ ئەرلىك جىنسى تۈردە كېلىشىنى ۋە ئاياللىق جىنسى تۈردە كېلىشىنى دۇرۇس قىلىدۇ. |
| وَ « كَانَ » تَامَّةٌ هُنَا ، أَيْ من « وُجِدْنَ فِيْهِ » | بۇ يەردە «كان» تولۇق پېئىل، «ئۇنىڭدا مەۋجۇد بولىدۇ» دېگەن «وُجِدْنَ فِيْهِ» مەنىسىدە كەلگەن. |
| مَوْجُودَةٌ فِي المُؤْمِنِ بِوُجُودِ الإِيْمَانِ | مۇئمىندە ئىمان مەۋجۇت بولغانلىقىدىن مەۋجۇت |
| اِسْتَلَذَّ الشَيْءَ / وَجَدَهُ لَذِيْذًا | لەززەت بىلدى، لەززەتلەندى، ھوزۇرلاندى، |
| مُحَقَّقٌ / مُؤَكَّدٌ | مۇئەييەن، ئېنىق، |
| مُحَقَّقَةٌ فِي آكِلِهِ | ئۇنى يىگۈچىگە مۇئەييەن. |
| رَاحَةُ البَالِ | خاتىرجەم، كۆڭلى خاتىرجەملىك |
| مُنْشَغِلُ الْبَالِ = مَشْغُولُ الْبَالِ | كۆڭلى بىئارام، خاتىرجەمسىز |
| اِسْتَطَابَ الشَّيْءَ / وَجَدَهُ طَيِّبًا | ياخشى دەپ قارىدى، بىلدى |
| مَهْمُومٌ / مَحْزُونٌ ، مَغْمُومٌ | قايغۇرغان، غەمكىن، ئەنسىرىگەن. |
| حَصَّلَ العِلْمَ / حَصَلَ عَلَيْهِ | ئىلىم ئالدى، ئىلىم تەھسىل قىلدى؛ ئېرىشتى. |
| سَعِدَ بِكَذَا | ...دىن بەخت ھېس قىلدى |
| سَعِدَ / كَانَ سَعِيْدًا | بەختلىك بولدى. |
| اِنْتَفَعَ بِهِ / حَصَلَ عَلَى مَنْفَعَةٍ مِنْهُ | ... دىن مەنپەئەتكە ئېرىشتى |
| اَلْأُخْرَى / الدارُ الآخِرَةُ | ئاخىرەت، ئۇدۇنيا. |
| وَإِلَّا | ئۇنداق بولمىسا |
| جَانِبٌ / جُزْءٌ . بَعْضٌ . مِقْدَارٌ | بىر قىسىم، بۆلەك، مىقدار |
| جانب الإيمان | ئىماننىڭ بىر قىسمى، ئىماننىڭ مىقدارى |
| مَجَازِيٌّ / ضِدَّ حَقِيْقِيٌّ | كۆچمە مەنا، مەجازى مەنا |
| اَلْاِسْتِعَارَةُ التَّصْرِيْحِيَّةُ | ئاشكارا ئىستىئارە |
| اِنْشِرَاحُ الصَّدْرِ | كۆڭۈلنىڭ شات-خۇراملىقى، مەمنۇنلىقى |
| اَلْمَصْدَرُ الْمُنْسَبِكُ | قېلىپلاشقان مەسدەر، قىياسى مەسدەر |
| تَقْدِيْرُهُ | قىياس قىلىنىشى |
| مُبْتَدَأٌ مَحْذُوْفٌ | چۈشۈپ قالغان مۇبتەدا |
| إِنْ رُوْعِيَ المجموع | يىغىندىسى نەزەرگە ئېلىنسا |

| | |
|---|---|
| إِنْ رُوْعِيَ كُلٌّ مِنَ الثَّلَاثِ عَلَى حِدَّةٍ | ئۇچىنىڭ ھەر بىرى ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىنسا |
| عَادَ فِيْهِ مُضَمَّنٌ مَعْنَى اِسْتَقَرَّ | «عاد فيه» ئىبارىسى « استقر» (ئورۇنلاشتى، قارار تاپتى) مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. |

**فقه الحديث**

| | |
|---|---|
| جِبِلِّيٌّ / طَبِيْعِيٌّ | تەبىئىي، تۇغۇلما |
| حُبٌّ جِبِلِّيٌّ | تۇغۇلما دوست تۇتۇش |
| سُلْطَانٌ / قَهْر وَغَلَبَةٌ | زورلۇق، زورلىنىش. |
| سُلْطَانٌ / حُجَّة . دَلِيْلٌ . بُرْهَانٌ | ھۆججەت، دەلىل |
| قِسْمٌ ج أَقْسَامٌ / نَصِيْبٌ | ئۇلۇش |
| سَبَبٌ ج أَسْبَابٌ / عِلَّةٌ . مُوْجِبٌ . دَاعٍ | سەۋەب |
| سَبَبٌ / وَسِيْلَةٌ . مَا يَتَوَصَّلُ بِهِ إِلى غَيْرِهِ | ۋاستە، تەدبىر |
| مُكْتَسَبٌ | كېيىن شەكىللەنگەن، كېيىن ئېرىشىلگەن |
| حُبٌّ مُكْتَسَبٌ | كېيىن شەكىللەنگەن دوستلۇق، مۇھەببەت |
| بِتَنَاوُلِ أَسْبَابِهِ | سەۋەب ـ تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بىلەن |
| لَا يُوْجَدُ بِدُوْنِهَا | ئۇ ئۇ (ئالامەت، بەلگىلەر)سىز مەۋجۇد بولمايدۇ. |
| عَقْلِيٌّ / لَا يُدْرِك بالحواس الظاهرة . ضِدَّ حِسِّيٍّ | تاشقى سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن بىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان، ئەقلى، مەنىۋى. |
| اَلْحُبُّ الْعَقْلِيُّ | مەنىۋى جەھەتتىن دوست تۇتۇش. |
| هَفَا يَهْفُو هَفْوًا / حَنَّ . اِشْتَاقَ | سېغىندى، تەشنا بولدى. |
| تَهْفُو إِلَيْهَا نَفْسُهُ | كۆڭلى ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ. |
| حَصَلَ يَحْصُلُ حُصُوْلًا لَازِمًا تَبَعِيًّا | مۇقەررەر ئارقىدىنلا ھاسىل بولۇشتا ھاسىل بولدى. |

**يؤخذ من الحديث**

| | |
|---|---|
| اَلْمُقَرَّبُ / مَحْظِيٌّ . حَظِيٌّ . مُفَضَّلٌ لَهُ مَكَانَةٌ خَاصَّةٌ | سائادەتمەن، ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە كىشى، ئاللاھقا يېقىن بولغۇچى. |
| مَحَّضَهُ النُّصْحَ / أَخْلَصَهُ إِيَّاهُ | ئۇنىڭغا سەمىمى نەسىھەت قىلدى، خالىس نەسىھەت قىلدى. |
| تَمْحِيضُهَا لِلّٰهِ تعالى | ئۇ (ئىنسانلارنى دوست تۇتۇش)نى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش |

**الأَسْئِلَةُ**

| | |
|---|---|
| إِجْمَالًا / بالإجمال | قىسقىچە ، ئىخچام، يىغىنچاق |
| أَعْرِبْ | تەركىب بېرىڭ، گىرامماتىكىلىق ئورنىنى بەلگىلەڭ |
| مُلَازِمٌ / لَايُفَارِقُ | . . .دىن ئايرىلمايدىغان |
| مُلَازِمَةٌ لِلْإِيمَانِ | ئىماندىن ئايرىلمايدىغان، ئىمانغا ئەگىشىدىغان |
| مَحْسُوْسٌ | ھېس قىلارلىق، كونكرېت |

| | |
|---|---|
| تَوْجِيْهٌ | كۆرسەتمە، قارىتىش، قاراتمىلىق |
| مَعَ أَنَّ | ...بولسىمۇ، ...سىمۇ |
| مَا مَوْقِعُ ...؟ | ...نىڭ گىرامماتىكىلىق ئورنى نېمە؟ |
| اِشْتَرَكَ الْاَمْرُ / اِلْتَبَسَ وَاخْتَلَطَ | ئارىلاشتى، بىرلەشتى |
| حُبُّ النَّاسِ حُبًّا مُشْتَرِكًا بَيْنَ اللهِ وَبَيْنَ النَّفْعِ الدُّنْيَوِيِّ | كىشىلەرنى ئاللاھ بىلەن دۇنياۋى مەنپەئەتنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرگەن دەرىجىدە (دوست تۇتۇشتا) دوست تۇتۇش |
| يَنْبَغِي أَنْ يُبْغَظَا فِي اللهِ | ئۇ ئىككىسى ئاللاھ تەرىپىدىن ياقتۇرۇلمايدۇ، ياخشى كۆرۈلمەيدۇ |
| مِصْدَاقًا لِقَوْلِهِ تَعَالَى | ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىل بولغان ھالدا |

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

*****************************************************

# قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دۇئالاردىن تاللانمىلار

﴿ رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَآ أَنتَ مَوْلاَنَا ﴾

﴿ئى رەببىمىز! قۇربىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە يۈكلىمىگىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 286 ـ ئايەت)

﴿ رَبَّنَا آمَنَّا بِمَا أَنْزَلْتَ وَاتَّبَعْنَا الرَّسُولَ فَاكْتُبْنَا مَعَ الشَّاهِدِينَ ﴾

﴿ئى رىببىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى شاھادەت ئېيتقانلار قاتارىدا قىلغىن ﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 53 ـ ئايەت).

﴿ ربَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ ﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 147 ـ ئايەت).

﴿ پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن﴾

﴿ رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعدتَّنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلاَ تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لاَ تُخْلِفُ الْمِيعَادَ ﴾

﴿ ئى رەببىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن ﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 194 ـ ئايەت).

﴿ رَبَّنَا لاَ تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ وَنَجِّنَا بِرَحْمَتِكَ مِنَ الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ﴾

﴿ ئى رەببىمىز! زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە

قىلمىغىن. بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن ﴾ (10 ـ سۈرە/يۇنۇس 85 ـ ئايەت).

﴿رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلاَةِ وَمِن ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءِ﴾

﴿ئى رەببىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغۇچى قىلغىن، ئى رەببىم! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن﴾ (14 ـ سۈرە/ئىبراھىم 40 ـ ئايەت)

﴿رَبَّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِنَا﴾

﴿ئى رەببىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر مەجبۇرىيەت يۈكلىمىگىن﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 286 ـ ئايەت)

﴿رَبَّنَا أَنزِلْ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ السَّمَاء تَكُونُ لَنَا عِيداً لِّأَوَّلِنَا وَآخِرِنَا وَآيَةً مِّنكَ وَارْزُقْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾

﴿ئى رەببىمىز ئاللاھ! بىزگە تائام بار داستىخان چۈشۈرگىنكى، بۇ كۈن بىزگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەن بىزگە ئاتا قىلغان بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇرسەن﴾ (5 ـ سۈرە/مائىدە 114 ـ ئايەت)

﴿رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ (ئەئراف 23/7)

﴿ ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز﴾

﴿رَبَّنَا إِنَّكَ تَعْلَمُ مَا نُخْفِي وَمَا نُعْلِنُ وَمَا يَخْفَى عَلَى اللّهِ مِن شَيْءٍ فَي الأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ﴾

﴿ئى رەببىم! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس﴾ (ئىبراھىم 38/14)

﴿رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ﴾

﴿ ئى رەببىم! ھېساب ئالىدىغان كۈندە ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن﴾ (14 ـ سۈرە/ئىبراھىم 41 ـ ئايەت)

﴿رَبَّنَا آتِنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً وَهَيِّئْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَدًا﴾ (18 ـ سۈرە/كەھف 10 ـ ئايەت)

﴿ ئى رەببىمىز! بىزگە ئۆز دەرگاھىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ

ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن﴾

﴿رَبَّنَا إِنَّنَا نَخَافُ أَن يَفْرُطَ عَلَيْنَا أَوْ أَن يَطْغَى﴾

﴿ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىزنى ئالدىراپ جازالىشىدىن ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىدىن ئەندىشە قىلىمىز﴾ (20 ـ سۈرە/تاھا 45 ـ ئايەت)

﴿رَبُّنَا الَّذِي أَعْطَى كُلَّ شَيْءٍ خَلْقَهُ ثُمَّ هَدَى﴾ (20 ـ سۈرە/تاھا 50 ـ ئايەت)

﴿بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە مۇئەييەن شەكىل ئاتا قىلىپ، ئۇنى مۇناسىپ يولغا سالدى﴾ (20 ـ سۈرە/تاھا 50 ـ ئايەت)

﴿رَبَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ﴾

﴿ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن﴾ (23 ـ سۈرە/مۇئمىنۇن 109 ـ ئايەت)

﴿رَبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾

﴿ئى رەببىمىز! ساڭىلا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭىلا يۈزلەندۇق، بىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾ (60 ـ سۈرە/مۇمتەھىنە 4 ـ ئايەت)

﴿رَبَّنَا أَتْمِمْ لَنَا نُورَنَا وَاغْفِرْ لَنَا إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

﴿ئى رەببىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىرسەن﴾ (66 ـ سۈرە/تەھرىم 8 ـ ئايەت)

[لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، اَللَّهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ (متفق عليه)]

«يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، بارلىق سەلتەنەت ئاللاھقا مەنسۇپ، جىمى مەدھىيە ئاللاھقا مەنسۇپ، ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قۇدرىتى يېتىدۇ. ئى ئاللاھ! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ»

[اَللَّهُمَّ إِنِّيْ ظَلَمْتُ نَفْسِيْ ظُلْمًا كَثِيْرًا، وَلَا يَغْفِرُ الذُّنُوْبَ إِلَّا أَنْتَ . فَاغْفِرْ لِيْ مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ، وَارْحَمْنِيْ إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُوْرُ الرَّحِيْمُ (متفق عليه)]

«ئى ئاللاھ! مەن ئۆزۈمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا كەڭ مەغپىرەت ۋە رەھىم قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچىدۇرسەن»

[ اَللّٰهُمَّ اهْدِنِيْ وَسَدِّدْنِيْ اَللّٰهُمَّ إِنِّيْ أَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالسَّدَادَ (رواه مسلم) ]

«ئى ئاللاھ! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا ئادەم قىلغىن. ئى ئاللاھ! سەندىن ھىدايەتنى ۋە توغرىلىقنى تىلەيمەن»

[ اَللّٰهُمَّ إِنِّيْ أَسْأَلُكَ الْمُعَافَاةَ فِي الدُّنْيَا وَالْأَخِرَةِ (رواه ابن ماجة) ]

«ئى ئاللاھ! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سەندىن ئامانلىق تىلەيمەن»

[اَللّٰهُمَّ أَلْهِمْنِيْ رُشْدِى وَأَعِذْنِيْ مِنْ شَرِّ نَفْسِيْ (رواه أحمد) ]

«ئى ئاللاھ! ھەق يولدا چىڭ تۇرۇشۇمنى مېنىڭ كۆڭلۈمگە سالغىن، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن»

[اَللّٰهُمَّ أَعِنِّيْ عَلٰى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ (رواه أحمد) ]

«ئى ئاللاھ! سېنى زىكرى قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئوبدان قۇلچىلىق قىلىشىمغا يار ـ يۆلەك بولغايسەن»

[ اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ، وَارْحَمْنِيْ، وَاهْدِنِيْ، وَعَافِنِيْ، وَارْزُقْنِيْ (رواه مسلم) ]

«ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، مېنى سالامەت قىلغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن»

[ اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ خَطِيْئَتِيْ وَجَهْلِي وَإِسْرَافِيْ فِيْ أَمْرِيْ، وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّيْ، اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ خَطَايَايَ وَعَمْدِيْ وَجَهْلِيْ وَهَزْلِيْ وَكُلُّ ذٰلِكَ عِنْدِيْ اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ وَأَنْتَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ (رواه البخاري) ]

«رەببىم، مېنىڭ گۇناھىمنى، نادانلىقىمنى ۋە ئىشىمدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتمىگەنلىكىنى ۋە سەن مەندىنمۇ ياخشىراق بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ قەستەن، بىلمەستىن، بىلىپ تۇرۇپ، چاقچاق يوسۇندا قىلىپ تاشلىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە تېپىلىدۇ. ئى ئاللاھ! ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان گۇناھلىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە بالدۇر ئېرىشتۈرسەن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە كېيىن ئېرىشتۈرسەن، سەن ھەممىگە قادىرسەن»

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى

| خۇپتەن | شام | ئەسىر | پېشىن | كۈن چىقىش | بامدات | ئاپرېل (4-ئاي) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 宵礼 | 昏礼 | 晡礼 | 晌礼 | 日出 | 晨礼 | 月 四 |
| 7:36 | 6:38 | 3:49 | 12:30 | 5:52 | 4:18 | 1 |
| 7:37 | 6:39 | 3:49 | 12:30 | 5:50 | 4:16 | 2 |
| 7:39 | 6:41 | 3:50 | 12:30 | 5:48 | 4:14 | 3 |
| 7:40 | 6:42 | 3:50 | 12:30 | 5:47 | 4:12 | 4 |
| 7:41 | 6:43 | 3:51 | 12:30 | 5:45 | 4:10 | 5 |
| 7:42 | 6:44 | 3:51 | 12:30 | 5:43 | 4:08 | 6 |
| 7:43 | 6:45 | 3:52 | 12:30 | 5:41 | 4:06 | 7 |
| 7:45 | 6:47 | 3:52 | 12:30 | 5:40 | 4:04 | 8 |
| 7:46 | 6:48 | 3:53 | 12:30 | 5:38 | 4:02 | 9 |
| 7:47 | 6:49 | 3:53 | 12:30 | 5:36 | 4:00 | 10 |
| 7:48 | 6:50 | 3:54 | 12:30 | 5:34 | 3:58 | 11 |
| 7:49 | 6:51 | 3:54 | 12:30 | 5:33 | 3:56 | 12 |
| 7:51 | 6:53 | 3:55 | 12:30 | 5:31 | 3:54 | 13 |
| 7:52 | 6:54 | 3:55 | 12:30 | 5:29 | 3:51 | 14 |
| 7:53 | 6:55 | 3:56 | 12:30 | 5:28 | 3:49 | 15 |
| 7:54 | 6:56 | 3:56 | 12:30 | 5:26 | 3:47 | 16 |
| 7:55 | 6:57 | 3:56 | 12:30 | 5:24 | 3:45 | 17 |
| 7:57 | 6:59 | 3:57 | 12:30 | 5:23 | 3:43 | 18 |
| 7:58 | 7:00 | 3:57 | 12:30 | 5:21 | 3:41 | 19 |
| 7:59 | 7:01 | 3:58 | 12:30 | 5:19 | 3:39 | 20 |
| 8:00 | 7:02 | 3:58 | 12:30 | 5:18 | 3:37 | 21 |
| 8:01 | 7:03 | 3:58 | 12:30 | 5:16 | 3:35 | 22 |
| 8:03 | 7:05 | 3:59 | 12:30 | 5:14 | 3:33 | 23 |
| 8:04 | 7:06 | 3:59 | 12:30 | 5:13 | 3:31 | 24 |
| 8:05 | 7:07 | 4:00 | 12:30 | 5:11 | 3:28 | 25 |
| 8:06 | 7:08 | 4:00 | 12:30 | 5:10 | 3:26 | 26 |
| 8:07 | 7:09 | 4:00 | 12:30 | 5:08 | 3:24 | 27 |
| 8:09 | 7:11 | 4:01 | 12:30 | 5:07 | 3:22 | 28 |
| 8:10 | 7:12 | 4:01 | 12:30 | 5:05 | 3:20 | 29 |
| 8:11 | 7:13 | 4:02 | 12:30 | 5:04 | 3:18 | 30 |
| | | | | | | |

ئەسكەرتىش: بۇ جەدۋەلدىكى ۋاقىت نامازغا ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتلارنى كۆرسىتىدۇ.